| بار-ىدىغان=بارىدىغان | الذى سيذهب | بار-ما- يدىغان =بارمايدىغان | الذى لا يذهب |
| كۆر-ىدىغان=كۆرىدىغان | الذى سيشاهد | كۆر-مە-يدىغان= كۆرمەيدىغان | الذى لا يشاهد |
| بىل-ىدىغان= بىلىدىغان | الذى سيعلم | بىل-مە-يدىغان=بىلمەيدىغان | الذى لا يعلم |

أمثلة توضحية:

بۇ مەن ئوقۇيدىغان مەكتەپ. - هذه هي المدرسة التى سأدرس بها.

ئوقۇمايدىغان كىتابلىرىڭىزنى بېرەمسىز؟ - هل ستُعط كتبك التى لا تقرأها

ئۇ سەن ئوينايدىغان ئويان. - هذا هو اللعب الذى ستلعبه

بۇ ئىشنى قىلىدىغان ئادەم بارمۇ؟ - هل من أحد سيقوم بهذا العمل؟

2- تصاغ صيغة الصلة والوصف للمستقبل بإضافة لواحق:«ر، ئار، ئەر» إلى المادة الأصلية للفعل فى الإثبات، وبإضافة «ماس، مەس» للمادة الأصلية فى حالة النفى، مثلا:

| | | | |
|---|---|---|---|
| باشلا-ر=باشلار | الذى يبدأ ، المبتدى | باشلا-ماس= باشلىماس | الذى لا يبدأ |
| ئاق- ار= ئاقار | الجارى، الذى يجرى | ئاق-ماس= ئاقماس | غير الجارى |
| كۆر-ەر= كۆرەر | الناظر، الذى ينظر | كۆر-مەس= كۆرمەس | غير الناظر |

أمثلة:

ئاقار سۇ: الماء الجارى - ئاقماس سۇ :الماء الراكد

كۆرەر كۆز: العين الناظر - كۆرمەس كۆز : العين الأعمى

| | |
|---|---|
| سېنى كۆرەر كۆزۈم يوق. | - ليس لدي عين تراك. |
| ئۇنتۇل-ماس= ئۇنتۇلماس خاتىرە | - المذكرة غير المنسية |
| ئۆل-مەس= ئۆلمەس كىتاب | - الكتاب الخالد |

## مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

1 - إقرأ وترجم الجمل التالية إلى العربية:

| | |
|---|---|
| - ئۇچرىشىدىغان دوستلار | ئۇچراشمايدىغان دوستلار |
| - ئوقۇيدىغان كىتاب | ئوقۇمايدىغان كىتاب |
| - كېلەر مېھمان | كەلمەس مېھمان |
| - سۆزىدە تۇرىدىغان يىگىت | سۆزىدە تۇرماس يىگىت |

2- إقرأ وترجم الجمل التالية إلى العربية ثم أجب على الأسئلة بالأويغورية:

- مەن ئوقۇيدىغان مەكتەپ ئۈيىمىزگە يېقىن.
- سىز كېلىدىغان كۈنى ماڭا تېلېفون قىلىڭ.
- دوستۇم بۈگۈن كېلەرمۇ؟
- يازلىق تەتىلدە ئۆيگە قايتىدىغان بولدىڭىزمۇ؟
- مۇئەللىم ئەتە يېڭى سۆزلەردىن ئىمتىھان ئالارمۇ؟
- ئۇ يەنە تۈگىمەس ھېكايىسىنى باشلىدى.
- ئۇنداق قىلىسىڭىز ياخشى بولماس.

# الدرس الثاني والعشرون- يىگىرمە ئىككىنچى دەرس

## يامغۇرلۇق كېچە

بۈگۈن جۈمە. تالادا يامغۇر قاتتىق يېغىۋاتىدۇ، بوران چىقىۋاتىدۇ، كوچىغا چىقىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا قىلىدىغان ئىش يوق، ئادەتتە تېلېۋىزور كۆرمەيدىغان ئاپام ئەنە تېلېۋىزور كۆرۈۋاتىدۇ. دادام بولسا ئادەتتىكىدەك كۇتۇپخانىسىدا كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ. ھەدەم تېخى ئىشخانىسىدا ئىكەن. بايا مەن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلغان ئىدىم، «بوران بەك قاتتىق چىقىۋاتىدۇ، كېچىككىنە پەسەيسە بارىمەن» دەيدۇ.

ئۇكام ئۆزىنىڭ ياتىقىدا. ئۇ ھەر جۈمە كۈنى كەچتە قىلىدىغان ئىشنى قىلىۋاتىدۇ، تېلېفوندا دوستلىرى بىلەن قىزلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىۋاتىدۇ. مەنچۇ؟ مەۋسۇم ئاخىرلىشىۋاتىدۇ، ئىمتىھانلار يېقىنلىشىۋاتىدۇ، ئىمتىھانلارغا تەييارلىق قىلىشىم كېرەك.

لېكىن ھازىر دەرس تەييارلىماي ياتىقىمدا! بىر قىز دوستۇمغا خەت يېزىۋاتىمەن. ھەي، بۇنى ھېچكىمگە دېمەڭ، جۇمۇ!

### كىم نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

ئا: ئوغلۇم، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

ئە: تېلېۋىزور كۆرۈۋاتىمەن، دادا.

ئا: تاپشۇرۇقلىرىڭنى ئىشلىدىڭمۇ؟

ئە: بۈگۈن مەكتەپكە بارمىدىم.

ئا: نېمە ئۈچۈن؟

ئە: بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ.

ئا: بېشىڭ ئاغرىۋاتقان بولسا، يەنە تېلېۋىزور كۆرۈۋاتسەنغۇ!

ئە: بابا ئاپام دورا بەرگەن ئىدى. ھازىر ئانچە ئاغرىمىدى.

ئا: ئاپاڭ قېنى؟

ئە: ئاشخانىدا تاماق قىلىۋاتىدۇ.

ئا: ئۇكاڭ مەكتەپتىن كەلدىمۇ؟

ئە: ھەئە، ئۆز ئۆيىدە ياتىقىدا تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەۋاتىدۇ.

ئا: ھەدەڭچۇ؟

ئە: ئاشخانىدا ئاپامغا ياردەملىشىۋاتىدۇ.

## سۆزلۈك- الكلمات

| | | | |
|---|---|---|---|
| يامغۇر | المطر | پەسەيمەك | أن يهدأ |
| يامغۇرلۇق كېچە | ليلة المطر | ھەر | كل |
| تالا | الخارج | غەيۋەت | الغيبة |
| قاتتىق | شديد | غەيۋەت قىلماق | أن يغتاب |
| يامغۇر ياغماق | أن ينزل المطر | مەۋسۇم | موسم |
| بوران | عاصفة | ئاخىرلاش (ئاخىر+لاش) | انتهِ |
| بوران چىقماق | أن يهُبّ العاصفة | يېقىنلاش(يېقىن+لاش) | اقتربْ |
| كوچا | الشارع | جۇمۇ؟ | قطعا؟ حتما؟ |
| مۇمكىن | الممكن، الاحتمال | باش | الرأس |
| ئادەت | العادة | ئاغرىماق | أن يتألم |
| ئادەتتە | في العادة | دورا | الدواء |
| ئادەتتىكىدەك | كالعادة | ئانچە | قليل |
| بايا | قبل قليل، آنفا | قېنى؟ | أين |
| پەس | منخفض، منحدر | ياردەملەش(ياردەم+لەش) | ساعدْ |

## القاعدة

## زمن الحال=المضارع المستمر - هازىرقى زامان پېئىلى

1 - وهو الزمن الذى يدل على حدوث فعل أو عدم حدوثه فى نفس الوقت.

ولاحقة زمن الحال: (ۋات، ىۋات، ۇۋات، ۈۋات)

يصاغ زمن الحال: المادة الأصلية للفعل+علامة الزمن الحالي+ ى (الوقاية) + الضمائر الشخصية المتصلة (الخبرية).

وتضاف لواحق زمن الحال الى الأفعال كالآتي:

- تضاف لاحقة (ۋات) إلى المادة الأصلية الذى تنتهى بحرف متحرك مطلقا.

- تضاف لاحقة (ىۋات) إلى المادة الأصلية الذى تنتهى بحرف ساكن مطلقا.

تضاف لاحقة (ۇۋات) إلى المادة الأصلية التى تتكوّن من حرف متحرك ثقيل(ئو، ئۇ).

تضاف لاحقة(ۈۋات)إلى المادة الأصلية التى تتكوّن من حرف متحرك خفيف(ئۆ، ئۈ)

ئوقۇماق: أن يقرأ

مەن ئوقۇۋاتىمەن: أقرأ الآن — بىز ئوقۇۋاتىمىز: نقرأ الآن

سەن ئوقۇۋاتىسەن: أنت تقرأ الآن — سىز ئوقۇۋاتىسىز: أنت تقرأ الآن

سىلەر ئوقۇۋاتىسىلەر: أنتم تقرأون الآن.

ئۇ ئوقۇۋاتىدۇ: هو يقرأ الآن — ئۇلار ئوقۇۋاتىدۇ: هو يقرأ الآن

كىرمەك: أن يدخل

مەن كىرىۋاتىمەن: أنا أدخل الآن — بىز كىرىۋاتىمىز: نحن ندخل الآن

سەن كىرىۋاتىسەن: أنت تدخل الآن — سىز كىرىۋاتىسىز: أنت تدخل الآن

سىلەر كىرىۋاتىسىلەر: أنتم تدخلون الآن

ئۇ كىرىۋاتىدۇ: هو يدخل الآن — ئۇلار كىرىۋاتىدۇ: هم يدخلون الآن

كۈلمەك: أن يضحك

مەن كۈلۈۋاتىمەن: أنا أضحك الآن — بىز كۈلۈۋاتىمىز: نحن نضحك الآن

سەن كۈلۈۋاتىسەن: أنت تضحك الآن — سىز كۈلۈۋاتىسىز: أنت تضحك الآن

سىلەر كۈلۈۋاتىسىلەر: انتم تضحكون الآن

ئۇ كۈلۈۋاتىدۇ: هو يضحك  ئۇلار كۈلۈۋاتىدۇ: هم يضحكون

تصريف زمن الحال مع لواحقه فى حالة الإثبات

القاعدة هى:المادة الأصلية للفعل+لاحقة زمن الحال+ى(الوقاية)+الضمائر الشخصية المتصلة

| نالماش | ئوينا-ۋات-ى- | قىل-ىۋات-ى- | تۇر-ۇۋات-ى- | كۆر-ۈۋات-ى |
|---|---|---|---|---|
| مەن | ئويناۋاتىمەن | قىلىۋاتىمەن | تۇرۇۋاتىمەن | كۆرۈۋاتىمەن |
| بىز | ئويناۋاتىمىز | قىلىۋاتىمىز | تۇرۇۋاتىمىز | كۆرۈۋاتىمىز |
| سەن | ئويناۋاتىسەن | قىلىۋاتىسەن | تۇرۇۋاتىسەن | كۆرۈۋاتىسەن |
| سىز | ئويناۋاتىسىز | قىلىۋاتىسىز | تۇرۇۋاتىسىز | كۆرۈۋاتىسىز |
| سىلەر | ئويناۋاتىسىلەر | قىلىۋاتىسىلەر | تۇرۇۋاتىسىلەر | كۆرۈۋاتىسىلەر |
| ئۇ/ ئۇلار | ئويناۋاتىدۇ | قىلىۋاتىدۇ | تۇرۇۋاتىدۇ | كۆرۈۋاتىدۇ |

ملاحظة: إذا كان فى المادة الأصلية فيها حرف متحرك (ئا، ئە) وصعب على اللسان النطق بلواحق الزمن الحالي، يتغير حرف (ئا، ئە) إلى حرف (ئي، ئى) فى المادة الأصلية ثم يضاف لواحق الفعل الحاضر، مثلا:

ياز:يېز- ىۋاتىمەن = يېزىۋاتىمەن  بار: بېر-ىۋاتىمەن=بېرىۋاتىمەن

كەل:كېل-ىۋاتىمەن=كېلىۋاتىمەن.  كەس:كېس-ىۋاتىمەن=كېسىۋاتىمەن

## 2- نفى الزمن الحالى -هازىرقى زامان پېئىلىنىڭ ئىنكار شەكلى

يتم نفى زمن الحال بإضافة لاحقة النفى (ماي، مەي) إلى المادة الأصلية قبل لاحقة زمن الحال ثم الضمائر الشخصية المتصلة.

تأتى لاحقة واحدة فقط لزمن الحال وهي (ۋات) فى كل أشكال المنفى، مثلا:

بارماق

بار- ماي- ۋاتىمەن = مەن بارمايۋاتىمەن  - أنا لا أذهب الآن

بار-ماي- ۋاتىمىز = بىز بارمايۋاتىمىز  - نحن لا نذهب الآن

بار-ماي-ۋاتىسەن = سەن بارمايۋاتىسەن  - أنت لا تذهب الآن

بار-ماي-ۋاتىسىز = سىز بارمايۋاتىسىز  - أنت لا تذهب الآن

بار-ماي-ۋاتىسىلەر=سىلەر بارمايۋاتىسىلەر - أنتم لا تذهبون الآن

بار-ماي-ۋاتىدۇ = ئۇ بارمايۋاتىدۇ - هو لا يذهب الآن

بار-ماي- ۋاتىدۇ = ئۇلار بارمايۋاتىدۇ. - هم لا يذهبون الآن

يۈگۈرمەك: أن يجرى

يۈگۈر-مەي- ۋاتىمەن = مەن يۈگۈرمەيۋاتىمەن - أنا لا أجرى الآن

يۈگۈر-مەي- ۋاتىمىز = بىز يۈگۈرمەيۋاتىمىز - نحن لا نجرى الآن

يۈگۈر-مەي- ۋاتىسەن = سەن يۈگۈرمەيۋاتىسەن - أنت لا تجرى الآن

يۈگۈر-مەي- ۋاتىسىز = سىز يۈگۈرمەيۋاتىسىز - أنت لا تجرى الآن

يۈگۈر-مەي-ۋاتىسىلەر =سىلەر يۈگۈرمەيۋاتىسىلەر - أنتم لا تجرون الآن

يۈگۈر- مەي- ۋاتىدۇ = ئۇ يۈگۈرمەيۋاتىدۇ - هو لا يجرى الآن

يۈگۈر-مەي- ۋاتىدۇ. = ئۇلار يۈگۈرمەيۋاتىدۇ. - هم لا يجرون الآن

جدول تصريف زمن الحال مع لواحقه فى حالة النفي

| ئالماش | ئوينا- ماي-ۋات-ى | تۇر-ماي-ۋات-ى | كۆر-مەي-ۋات-ى |
|---|---|---|---|
| مەن | ئوينىمايۋاتىمەن | تۇرمايۋاتىمەن | كۆرمەيۋاتىمەن |
| بىز | ئوينىمايۋاتىمىز | تۇرمايۋاتىمىز | كۆرمەيۋاتىمىز |
| سەن | ئوينىمايۋاتىسەن | تۇرمايۋاتىسەن | كۆرمەيۋاتىسەن |
| سىز | ئوينىمايۋاتىسىز | تۇرمايۋاتىسىز | كۆرمەيۋاتىسىز |
| سىلەر | ئوينىمايۋاتىسىلەر | تۇرمايۋاتىسىلەر | كۆرمەيۋاتىسىلەر |
| ئۇ | ئوينىمايۋاتىدۇ | تۇرمايۋاتىدۇ | كۆرمەيۋاتىدۇ |
| ئۇلار | ئوينىمايۋاتىدۇ | تۇرمايۋاتىدۇ | كۆرمەيۋاتىدۇ |

بعض اللواحق التى تضاف الى الزمن الحالى:

1- تصاغ صيغة الصلة والوصف من زمن الحال بإضافة لواحق «غان، قان، گەن، كەن» إلى زمن الحال، مثلا:

-سىز ئوقۇۋاتقان كىتابنى كىم يازغان؟ - من كاتبُ الكتاب الذى تقرأه أنت؟

2 - تضاف علامة الفعل الشرطى «سا، سە» إلى زمن الحال فى حالة الإثبات والنفى، مثل:

كۆزۈم ھېچنىمىنى كۆرمەيۋاتسا، قانداق قىلىمەن- ماذا أفعل، وعينى لا ترى شيئا

## مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

1 - صرف الأفعال التالية فى زمن الحال المثبت والمنفى:

ئىچ، چاقىر، ئىشلە، كۆت، قوغلا، ياز.

2 - إقرأ وترجم الجمل التالية إلى العربية:

- بىر سائەت بولدى، ئاپتوبۇس كەلمەيۋاتىدۇ.

- سىلەر هازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟

- مەن سىڭلىمغا ئۇيغۇرچە ئۆگىتىۋاتىمەن.

- مۇهەممەد گېزىت ئوقۇۋاتىدۇ.

- ئاسىيە كىتابنى ئوقۇمايۋاتىدۇ.

3- ترجم الجمل الآتية إلى الأويغورية:

-محمد يقرأ الآن الجريدة.

- هي تتحدث الأويغورية الآن.

- أنا لا أتحدث الأويغورية الآن.

- نحن ذاهبون الآن إلى كاشغر.

4 - أكتب الجمل التالية فى زمن الحال:

- مەن تاپشۇرۇقنى ئىشلەيمەن، تېكىستنى يادلايمەن.

- ئۇ خەتنى چىرايلىق يازىدۇ.

- سەن تاماق يەيسەن.

5 - أكتب قصة قصيرة مستفيدا مما درست فى هذا الدرس من قواعد زمن الحال.

# الدرس الثالث العشرون ـ يىگىرمە ئۈچىنچى دەرس

## 1 ـ المحادثة ـ سۆزلىشىش

ئا: سىز نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

ئە: مەن گېزىت كۆرۈۋاتىمەن.

ئا: ئادىل نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

ئە: ئۇ دوكلات يېزىۋاتىدۇ.

ئا: ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

ئە: ئۇلار ئارام ئېلىۋاتىدۇ.

ئا: ئائىشە ئۇيغۇرچە ئۆگىنىۋاتامدۇ؟

ئە: ياق، ئائىشە ناخشا ئاڭلاۋاتىدۇ.

ئا: مەريەم قايسى بىنادا تۇرۇۋاتىدۇ؟

ئە: يېڭى بىنادا تۇرۇۋاتىدۇ.

## 2ـ المحادثة - سۆزلىشىش

ئا: سەن ھەر كۈنى گېزىت ئوقۇۋاتامسەن؟

ئە: ياق، گېزىت ئوقۇيدىغان ۋاقتىم يوق.

ئا: يېڭى خەۋەرلەرنى قەيەردىن ئېلىۋاتىسەن؟

ئە: ساڭا دېسەم، ئوقۇيدىغان كىتابلىرىم جىق، ئۇزاق بولدى گېزىت ئوقۇمايۋاتىمەن.

ئا: ئۇنداق بولسا تېلېۋىزور كۆرۈۋاتسەنغۇ؟

ئە: مەن خەۋەرلەرنى كۆرۈۋاتمايمەن. تېلېۋىزوردا مەن ئوقۇۋاتقان بىر كىتابنىڭ ئاپتورىنى تونۇشتۇرۇۋاتىدۇ، شۇنى كۆرۈۋاتىمەن.

ئا: خەۋەر كۆرمەيلىچۇ؟

ئە: گېپىمنى چۈشەنمەيۋاتىسەن- هە؟ نېمە قىلساڭ قىل!

## سۆزلۈك- الكلمات

| | | | |
|---|---|---|---|
| دوكلات | التقرير | خەۋەر | الخبر |
| ئارام | الراحة | ئاپتور | المؤلف |
| ناخشا | أغنية، قصيدة | تونۇشتۇرماق | .أن يعرِّف |

## القواعد

### 1 - القاعدة الأولى:

### صيغة استفهام الزمن الحالي - هازىرقى زامانىنىڭ سوراق شەكلى

تتكون صيغة الاستفهام من الزمن الحال في الإثبات بإضافة لاحقة « ام » عقب لاحقة زمن الحال ثم الضمائر الشخصية المتصلة الخبرية.

تصاغ:المادة الأصلية +لاحقة زمن الحال +علامة الاستفهام +الضمائر الشخصية المتصلة.

وصيغة المتكلم المفرد ينتهي بـ (دىمەن) والمتكلم الجمع بـ(دىمىز) فقط.

وصيغة المتكلم الاستفهامية فقط كذلك يصاغ بإضافة (مۇ) الى آخر الفعل الحاضر.

| شەخس | ئوينا-ۋات-ام- | ئىچ-ۋات- ام- | تور-ۋات-ام- | كۆر- ۋات- ام- |
|---|---|---|---|---|
| مەن | ئويناۋاتامدىمەن (ئويناۋاتىمەنمۇ) | ئىچىۋاتامدىمەن (ئىچىۋاتىمەنمۇ) | تۇرۇۋاتامدىمەن (تۇرۇۋاتىمەنمۇ) | كۆرۈۋاتامدىمەن (كۆرۈۋاتىمەنمۇ) |
| بىز | ئويناۋاتامدىمىز (ئويناۋاتىمىزمۇ) | ئىچىۋاتامدىمىز (ئىچىۋاتىمىزمۇ) | تۇرۇۋاتامدىمىز (تۇرۇۋاتىمىزمۇ) | كۆرۈۋاتامدىمىز (كۆرۈۋاتىمىزمۇ) |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| سەن | ئويناۋاتامسەن | ئىچىۋاتامسەن | تۇرۇۋاتامسەن | كۆرۈۋاتامسەن |
| سىز | ئويناۋاتامسىز | ئىچىۋاتامسىز | تۇرۇۋاتامسىز | كۆرۈۋاتامسىز |
| سىلەر | ئويناۋاتامسىلەر | ئىچىۋاتامسىلەر | تۇرۇۋاتامسىلەر | كۆرۈۋاتامسىلەر |
| ئۇ | ئويناۋاتامدۇ | ئىچىۋاتامدۇ | تۇرۇۋاتامدۇ | كۆرۈۋاتامدۇ |
| ئۇلار | ئويناۋاتامدۇ | ئىچىۋاتامدۇ | تۇرۇۋاتامدۇ | كۆرۈۋاتامدۇ |

## صيغة استفهام زمن الحال فى حالة المنفى

يتم نفى زمن الحال بإضافة علامة المنفى(ماي، مەي) إلى المادة الأصلية للفعل قبل لاحقة زمن الحال.

المادة الأصلية + لاحقة النفى + لاحقة زمن الحال (ۋات) فقط + علامة الاستفهام + الضمائر الشخصية.

| ئالماش | ئوينا-ماي-ۋات-ام- | ئىچ-مەي-ۋات-ام- | تۇر- ماي-ۋات-ام- | كۆر-مەي-ۋات- ام- |
|---|---|---|---|---|
| مەن | ئوينىمايۋاتامدىمەن (ئوينىمايۋاتىمەنمۇ) | ئىچمەيۋاتامدىمەن (ئىچمەيۋاتىمەنمۇ) | تۇرمايۋاتامدىمەن (تۇرمايۋاتىمەنمۇ) | كۆرمەيۋاتامدىمەن (كۆرمەيۋاتىمەنمۇ) |
| بىز | ئوينىمايۋاتامدىمىز (ئوينىمايۋاتىمىزمۇ) | ئىچمەيۋاتامدىمىز (ئىچمەيۋاتىمىزمۇ) | تۇرمايۋاتامدىمىز (تۇرمايۋاتىمىزمۇ) | كۆرمەيۋاتامدىمىز (كۆرمەيۋاتىمىزمۇ) |
| سەن | ئوينىمايۋاتامسەن | ئىچمەيۋاتامسەن | تۇرمايۋاتامسەن | كۆرمەيۋاتامسەن |
| سىز | ئوينىمايۋاتامسىز | ئىچمەيۋاتامسىز | تۇرمايۋاتامسىز | كۆرمەيۋاتامسىز |
| سىلەر | ئوينىمايۋاتامسىلەر | ئىچمەيۋاتامسىلەر | تۇرمايۋاتامسىلەر | كۆرمەيۋاتامسىلەر |
| ئۇ | ئوينىمايۋاتامدۇ | ئىچمەيۋاتامدۇ | تۇرمايۋاتامدۇ | كۆرمەيۋاتامدۇ |
| ئۇلار | ئوينىمايۋاتامدۇ | ئىچمەيۋاتامدۇ | تۇرمايۋاتامدۇ | كۆرمەيۋاتامدۇ |

2 - **القاعدة الثانية:** « سىز» لاحقة صفة منفية ، مثل:

سۇ+ سىز= سۇسىز: بلا ماء (جاف)  بىلىم- سىز =بىلىمسىز: جاهل

ئىش+سىز= ئىشسىز: عاطل  ئەقىل+سىز=ئەقىلسىز: بلا عقل

3 - **القاعدة الثالثة:** «دەپ» أداة مساعدة لآخر الكلمات وتأتى بمعنى (لكي، من أجل):

سىنى دەپ كەلدىم. - جئت من أجلك.

ئۇراي دەپ ماڭدىم. - مشيت لكي أضربه.

## مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

1 - صرف الأفعال فى صيغة الاستفهام فى زمن الحال:

قارا، چىق، تونۇشتۇر، باشلا، ئۆت.

مثال: قارا: قاراۋاتامدىمەن (قاراۋاتىمەنمۇ)، قاراۋاتامدىمىز (قاراۋاتىمىزمۇ)، قاراۋاتامسەن، قاراۋاتامسىز، قاراۋاتامسىلەر، قاراۋاتامدۇ.

2 - إقرأ وترجم الجمل الآتية إلى العربية:

(1). سىلەر شاھمات ئويناۋاتامسىلەر؟

- ياق، بىز شاھمات ئوينىماۋاتىمىز، پاراڭلىشىۋاتىمىز.

- سەن بۇرۇنقىدەك شاھمات ئويناۋاتامسەن؟

- ياق، ھازىر شاھمات ئوينايدىغان ۋاقتىم يوق، ئوينىماۋاتىمەن.

(2). تالادا قار يېغىۋاتامدۇ؟

- ھەئە، تالادا قار يېغىۋاتىدۇ، يامغۇر يېغىۋاتىدۇ.

- قاھىرەدە يامغۇر ياغماۋاتامدۇ؟

- ھەئە، بىر ئاي بولدى، يامغۇر ياغماۋاتىدۇ.

3 - حوّل الجمل الآتية إلى جملة استفهامية فى الزمن الحالى، وغيّر ما يلزم:

- سەن ناخشا ئاڭلاۋاتىسەن.

- ئۈرۈمچىگە بارامسەن؟

- ئۇ غۇلجىدا تۇرىدۇ.

# الدرس الرابع والعشرون - يىگىرمە تۆتىنچى دەرس

## سادىقەت

مەن ھەر كۈنى ناماز شامدا ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىكى باغچىغا سەيلە قىلىشقا چىقاتتىم. ھەر كۈنى باغچىغا كىرىۋاتقىنىمدا ئاپتوبۇس بېكىتىدە بىر ياشانغان ئايالنى كۆرەتتىم. بېشىغا چىرايلىق گۈللۈك ياغلىق چىگكەن بۇ ئايال بىر قانچە يىلدىن بېرى ھەر كۈنى مۇشۇ ۋاقىتتا، مۇشۇ يەردە كىمنىدۇر بىرىنى كۈتەتتى.

بىر كۈنى باغچىدىن قايتىۋاتقىنىمدا ئۇ يەنە شۇ يەردە تۇراتتى. ئاپتوبۇس كەلگەن ئىكەن. ئاپتوبۇستىن كىشىلەر چۈشۈۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى ئايال ئاپتوبۇس تەرەپكە ماڭدى. ئاپتوبۇستىن چاچلىرى ئاپئاق ئاقارغان بولسىمۇ يەنىلا چاققان، تېتىك بىر ئادەم چۈشتى. «قېرى ئاشىق- مەشۇقلار ئىكەن- دە!» دېدىم ئىچىمدە، مەن ئۆيگە كەتتىم.

كېيىن ئۇرۇش باشلاندى. ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن مەنمۇ ھەربىي سەپتىن ئۆيگە قايتتىم. ئۆيگە كەلگەندە ھېلىقى ئايال ئېسىمگە كەلدى-دە، ناماز شام ۋاقتىدا كوچىغا چىقتىم. ئۇ ئايال يەنە شۇ يەردە، بېكەتنىڭ يېنىدا تۇراتتى. لېكىن ئۇ كۈنى بېشىغا گۈللۈك ياغلىق ئەمەس، قارا ياغلىق چىگكەن ئىدى. ئاپتوبۇس كەلدى، ئۇنىڭدىن بىر نەچچە ئادەم چۈشتى. لېكىن بۇ ئايال كۈتۈۋاتقان ھېلىقى ئاق چاچلىق ئادەم كۆرۈنمىدى. ئاپتوبۇس كەتتى، لېكىن ئۇ ئايال يەنىلا شۇ يەردە تۇراتتى. مەنمۇ تۇردۇم. قاراڭغۇ چۈشتى. كوچىدا بىزدىن باشقا ئادەم قالمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بېكەتنىڭ يېنىدا ئۇ ئايالنى ھەر كۈنى كۆرەتتىم. لېكىن ھەر كۈنى ئۇ كۈتكەن ھېلىقى ئاق چاچلىق ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئايال يەنىلا شۇ بۇرۇنقى جايىدا سۆيگەن ئادىمىنى كۈتەتتى، ئۇزاق تۇراتتى. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىنلا يالغۇز ئۆيى تەرەپكە كېتەتتى.

سورۇشتۇرسام، ئۇنىڭ ئېرى بىر يىل بۇرۇن ئۇرۇشتا قۇربان بولغان ئىكەن.

## الكلمات

| | | | |
|---|---|---|---|
| ساداقەت | ولاء، إخلاص | تېتىك | نشيط |
| ناماز شام | صلاة المغرب | ئاشىق | العاشق |
| يان | جهة، جانب | ئاشىق- مەشۇق | العاشق والمعشوق |
| سەيلە | التنزه | ئۇرۇش(ئۇر-ۇش) | الحرب |
| سەيلە قىلماق | أن يتنزه | ھەربىي | عسكري |
| ياشانغان | المُسِنّ | سەپ | الصف |
| گۈللۈك (گۈل+لۈك) | لون زهري | بولسىمۇ(بول-سا-مۇ) | ولو كان |
| چىگ (ياغلىق چىگ) | ارتدى الحجاب | چاققان | سريع الخاطر، ذكي |
| -- دىن بېرى | منذ، بعد ذلك | ھەربىي سەپ | الخدمة العسكرية |
| كىمدۇر | شخص ما | ئەس | الذاكرة |
| چۈشمەك | أن ينزل | ئېسىگە كەلمەك | أن يتذكر |
| بىردەم | برهة | كۆرۈن (كۆر- ۈن) | اظهر |
| ھېلىقى | ذلك الرجل | قاراڭغۇ | ظلام |
| ئىتتىك | سريع | قاراڭغۇ چۈشمەك | أن يحتل الظلام |
| چاچ | الشَعر | بۇرۇنقى(بۇرۇن-قى) | السابق، المتقدم |
| ئاق | البياض | سۆيمەك | أن يحب |
| ئاقارماق | أن يبيض | سۆيگەن ئادىمى | محبوب |

## القواعد

### 1 - القاعدة الأولى:

### حكاية الفعل الماضى المعتاد - ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر شەكلى

الفعل الماضى المعتاد: وهو الفعل الذى يدل على أن الفعل حدث أو لم يحدث مكررا قبل زمن التكلم.

يصاغ حكاية الفعل الماضى المعتاد (التكرارى) بإضافة لاحقة (يت، ات، ئەت) إلى

المادة الأصلية ثم الضمائر الشخصية المتصلة للماضى الذا بدأت بـ (تم).

تضاف لاحقة (يت) للمادة الأصلية التى تنتهى بحرف متحرك، ولاحقة(ات) للمادة الثقيلة، ولاحقة (ئەت) للمادة الخفيفة.

إذا جاءت اثنين من حرف (ت، ت) متتالية مع الماضى، يدل هذا على الفعل المعتاد.

وحكاية الفعل الماضى المعتاد المنفى يتم بإضافة علامة المنفى(ما، مه) إلى المادة الأصلية قبل لاحقة الفعل الماضى المعتاد (يت) فقط، مثل:

| الضمير | حالة الإثبات | | | حالة المنفى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | كۆر-ەت- | بار-ات- | ئشله-يت- | كۆر-مه-يت | بار-ما-يت | ئشله-مه-يت |
| مەن | كۆرەتتم | باراتتم | ئشلەيتتم | كۆرمەيتتم | بارمايتتم | ئشلمەيتتم |
| بز | كۆرەتتوق | باراتتوق | ئشلەيتتوق | كۆرمەيتتوق | بارمايتتوق | ئشلمەيتتوق |
| سەن | كۆرەتتڭ | باراتتڭ | ئشلەيتتڭ | كۆرمەيتتڭ | بارمايتتڭ | ئشلمەيتتڭ |
| سز | كۆرەتتڭز | باراتتڭز | ئشلەيتتڭز | كۆرمەيتتڭز | بارمايتتڭز | ئشلمەيتتڭز |
| سلەر | كۆرەتتڭلار | باراتتڭلار | ئشلەيتتڭلار | كۆرمەيتتڭلار | بارمايتتڭلار | ئشلمەيتتڭلار |
| ئو | كۆرەتتی | باراتتی | ئشلەيتتی | كۆرمەيتتی | بارمايتتی | ئشلمەيتتی |
| ئولار | كۆرەتتی | باراتتی | ئشلەيتتی | كۆرمەيتتی | بارمايتتم | ئشلمەيتتی |

أمثلة:

-هەر كونى ئو ئايالنى شۆ بيكەتنڭ يينىدا كۆرەتتم.- كنت أشاهد دائما تلك المرأة بجوار المحطة.

-ئو تاپشورۆقلارنى مەندن كۆچۆرەتتى.- هو كان دائما ينسخ الواجبات عنى.

- ئو ئمتىهاندن ئەلا ئۆتەتتى.- هو كان ينجح دائما من الامتحان بدرجة امتياز.

2 - القاعدة الثانية:

### حكاية الحال الماضى-ئۆتكەن زامان شۆ پەيت خەۋەر شەكلى

حكاية الحال الماضى: وهو الفعل الحالى الماضى الذى يدل على استمرار الفعل قبل زمن التكلم. لاحقة الفعل الماضى المستمر: (ات)

يصاغ حكاية الحال الماضى بإضافة لاحقة (ات) إلى المادة الأصلية بعد لاحقة الزمن الحالى ثم الضمائر الشخصية المتصلة للماضى.

أو يصاغ بشكل آخر: المادة الأصلية للفعل + (ۋاتات) + الضمائر الشخصية المتصلة، مثل:

| حالة الإثبات | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئالماش | ئوقۇۋات-ات- | كۆرۈۋات-ات- | يېزىۋات-ات- | كىرىۋات-ات- |
| مەن | ئوقۇۋاتاتتىم | كۆرۈۋاتاتتىم | يېزىۋاتاتتىم | كىرىۋاتاتتىم |
| بىز | ئوقۇۋاتاتتۇق | كۆرۈۋاتاتتۇق | يېزىۋاتاتتۇق | كىرىۋاتتۇق |
| سەن | ئوقۇۋاتاتتىڭ | كۆرۈۋاتاتتىڭ | يېزىۋاتاتتىڭ | كىرىۋاتاتتىڭ |
| سىز | ئوقۇۋاتاتتىڭىز | كۆرۈۋاتاتتىڭىز | يېزىۋاتاتتىڭىز | كىرىۋاتاتتىڭىز |
| سىلەر | ئوقۇۋاتاتتىڭلار | كۆرۈۋاتاتتىڭلار | يېزىۋاتاتتىڭلار | كىرىۋاتاتتىڭلار |
| ئۇ | ئوقۇۋاتاتتى | كۆرۈۋاتاتتى | يېزىۋاتاتتى | كىرىۋاتاتتى |
| ئۇلار | ئوقۇۋاتاتتى | كۆرۈۋاتاتتى | يېزىۋاتاتتى | كىرىۋاتاتتى |
| حالة المنفي | | | | |
| ئالماش | ئوقۇمايۋات-ات | كۆرمەيۋات-ات- | يازمايۋات-ات- | كىرمەيۋات-ات- |
| مەن | ئوقۇمايۋاتاتتىم | كۆرمەيۋاتاتتىم | يازمايۋاتاتتىم | كىرمەيۋاتاتتىم |
| بىز | ئوقۇمايۋاتاتتۇق | كۆرمەيۋاتاتتۇق | يازمايۋاتاتتۇق | كىرمەيۋاتتۇق |
| سەن | ئوقۇمايۋاتاتتىڭ | كۆرمەيۋاتاتتىڭ | يازمايۋاتاتتىڭ | كىرمەيۋاتاتتىڭ |
| سىز | ئوقۇمايۋاتاتتىڭىز | كۆرمەيۋاتاتتىڭىز | يازمايۋاتاتتىڭىز | كىرمەيۋاتاتتىڭىز |
| سىلەر | ئوقۇمايۋاتاتتىڭلار | كۆرمەيۋاتاتتىڭلار | يازمايۋاتاتتىڭلار | كىرمەيۋاتاتتىڭلار |
| ئۇ | ئوقۇمايۋاتاتتى | كۆرمەيۋاتاتتى | يازمايۋاتاتتى | كىرمەيۋاتاتتى |
| ئۇلار | ئوقۇمايۋاتاتتى | كۆرمەيۋاتاتتى | يازمايۋاتاتتى | كىرمەيۋاتاتتى |

أمثلة:

ئوقۇۋاتاتتىم: كنت أقرأ — كۆرمەيۋاتاتتىم: ماكنت أشاهد

يېزىۋاتاتتى: كان يكتب — يازمايۋاتاتتى: ما كان يكتب

ئۇ كەلگەندە مەن خەت يېزىۋاتاتتىم. -عندما جاء هو كنت أكتب الرسالة

3 - القاعدة الثالثة:

## استفهام الماضي المعتاد والحالي

يصاغ استفهام الفعل الماضي المعتاد والحالي بإضافة علامة الاستفهام (مۇ) إلى آخر الفعل الماضي المعتاد وحكاية الحال الماضي، مثل:

| ئالماش | حكاية الماضي المعتاد | | حكاية الحال الماضي | |
|---|---|---|---|---|
| | الإثبات | المنفي | الإثبات | المنفي |
| | كۆر ـەت ـ | كۆر ـمە ـيت | كۆرۈۋات ـ ات ـ | كۆرمەيۋات ـ ات ـ |
| مەن | كۆرەتتىممۇ | كۆرمەيتتىممۇ | كۆرۈۋاتاتتىممۇ | كۆرمەيۋاتاتتىممۇ |
| بىز | كۆرەتتۇقمۇ | كۆرمەيتتۇقمۇ | كۆرۈۋاتاتتۇقمۇ | كۆرمەيۋاتاتتۇقمۇ |
| سەن | كۆرەتتىڭمۇ | كۆرمەيتتىڭمۇ | كۆرۈۋاتاتتىڭمۇ | كۆرمەيۋاتاتتىڭمۇ |
| سىز | كۆرەتتىڭىزمۇ | كۆرمەيتتىڭىزمۇ | كۆرۈۋاتاتتىڭىزمۇ | كۆرمەيۋاتاتتىڭىزمۇ |
| سىلەر | كۆرەتتىڭلارمۇ | كۆرمەيتتىڭلارمۇ | كۆرۈۋاتاتتىڭلارمۇ | كۆرمەيۋاتاتتىڭلارمۇ |
| ئۇ | كۆرەتتىمۇ | كۆرمەيتتىمۇ | كۆرۈۋاتاتتىمۇ | كۆرمەيۋاتاتتىمۇ |
| ئۇلار | كۆرەتتىمۇ | كۆرمەيتتىمۇ | كۆرۈۋاتاتتىمۇ | كۆرمەيۋاتاتتىمۇ |

## مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

1 - صرف الأفعال التالية في حكاية الماضي المعتاد في حالات الاثبات والنفي والاستفهام:

ـچىگ، چۈش، قارا، تونۇشتۇر

مثلا: باق:

باقاتتىم، باقاتتۇق، باقاتتىڭ، باقاتتىڭىز، باقاتتىڭلار، باقاتتى؛

باقاتتىممۇ، باقاتتۇقمۇ، باقاتتىڭمۇ، باقاتتىڭىزمۇ، باقاتتىڭلارمۇ، باقاتتىمۇ؛

باقمايتتىم، باقمايتتۇق، باقمايتتىڭ، باقمايتتىڭىز، باقمايتتىڭلار، باقمايتتى.

باقمايتتىممۇ، باقمايتتۇقمۇ، باقمايتتىڭمۇ، باقمايتتىڭىزمۇ، باقمايتتىڭلارمۇ، باقمايتتىمۇ.

2- صرف الأفعال التالية فى حكاية الحال الماضى فى حالات الاثبات والنفى والاستفهام:

چىگ، چۈش، قارا، تونۇشتۇر.

مثلا: باق:

المثبت: بېقىۋاتاتتىم، بېقىۋاتاتتۇق، بېقىۋاتاتتىڭ، بېقىۋاتاتتىڭىز، بېقىۋاتاتتىڭلار، بېقىۋاتاتتى.

المثبت الاستفهامى: بېقىۋاتاتتىممۇ، بېقىۋاتاتتۇقمۇ، بېقىۋاتاتتىڭمۇ، بېقىۋاتاتتىڭىزمۇ، بېقىۋاتاتتىڭلارمۇ، بېقىۋاتاتتىمۇ.

المنفى: باقمايۋاتاتتىم، باقمايۋاتاتتۇق، باقمايۋاتاتتىڭ، باقمايۋاتاتتىڭىز، باقمايۋاتاتتىڭلار، باقمايۋاتاتتى.

المنفى الاستفهامى: باقمايۋاتاتتىممۇ، باقمايۋاتاتتۇقمۇ، باقمايۋاتاتتىڭمۇ، باقمايۋاتاتتىڭىزمۇ، باقمايۋاتاتتىڭلارمۇ، باقمايۋاتاتتىمۇ.

3 - إقرأ الحوار التالى ثم ترجمه إلى العربية:

1)- ھەر كۈنى ناماز شام ۋاقتىدا ئۇ ئايال باغچىدا سەيلە قىلىۋاتاتتىمۇ؟

- ياق، ئۇ سەيلە قىلمايۋاتاتتى، ئېرىنى كۈتۈۋاتاتتى.

2)- سىز بۇرۇن قەھۋە ئىچەتتىڭىزمۇ؟

-ھەئە، ئىچەتتىم. لېكىن جىق ئىچمەيتتىم. چۈنكى قەھۋەنى ياخشى كۆرمەيتتىم.

4)- سىلەر ھەر كۈنى كۆرۈشەتتىڭلارمۇ؟

-ياق، بىز ھەر كۈنى كۆرۈشمەيتتۇق، ھەپتىدە بىر قېتىم كۆرۈشەتتۇق.

4 - ترجم الجمل الآتية الى الأويغورية:

1)-لو طلبت منك سيارتك أمس، هل كنت ستعطينى إياها؟

- كنت أعطيها لك. ولكنى ما كنت لأعطيك السيارة الجديدة.

2) - أين كنت تعمل صباحا؟

- ما كنت عاملا هذا الصباح.

# الدرس الخامس والعشرون - يىگىرمە بەشىنچى دەرس

## ئۈرۈمچىگە سەپەر

مەن ھەر يىلى جۇڭگوغا باراتتىم، لېكىن ئۈرۈمچىگە بارمىغان ئىدىم. بۇلتۇر ئاۋغۇستتا ئۈرۈمچىگە باردىم. بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە ئايروپىلان ئۈچ يېرىم سائەتتە بارىدىكەن، پويىز 48 سائەتتە بارىدىكەن.

بىز ئەتىگەن سائەت سەككىزنىڭ ئايروپىلانى بىلەن يولغا چىقتۇق. چۈشكىچە ئۈرۈمچىگە كەلدۇق. بېيجىڭدە ناشتا قىلمىغان ئىدىم، شۇڭا، چۈشتە مېھمانخانىنىڭ رېستورانىدا ئۇيغۇرچە تاماقلارنى تويغۇچە يېدىم.

ئۈرۈمچىدە ئۈچ كۈن تۇردۇق. تۆتىنچى كۈنى باشقا شەھەرلەرنى ئايلىنىش ئۈچۈن يولغا چىقتۇق. ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغىچە ماشىنا بىلەن باردۇق. تۇرپاندىن قەشقەرگىچە پويىزدا ماڭدۇق. يولدا قاراشەھەر، ئاقسۇ قاتارلىق شەھەرلەرنى كۆردۇق. قەشقەر، ئاتۇش، يەكەن قاتارلىق شەھەرلەرنى ساياھەت قىلغاندىن كېيىن، خوتەنگىچە ئاپتوبۇستا باردۇق.

يازنىچە تارىم ئەتراپىدا جىق جايلارنى ئايلاندۇق. كۆز كىرىۋاتاتتى. قار ياققۇچە غۇلجا، چۆچەك ۋە ئالتايلارنى كۆرەيلى دەپ، خوتەندىن ئايروپىلاندا باردۇق. ئالتايدىن چۆچەك ۋە غۇلجىغىچە تاكسى كىرا قىلدۇق. غۇلجىدىن سايرام كۆلى بويىغا كەلدۇق. سايرام كۆلىدەك چىرايلىق كۆلنى كۆرمىگەن ئىكەنمەن. ئۇ يەردە ئىككى كۈن تۇردۇق. بارغان يەردە بىزنى قىزغىن كۈتتى.

### الكلمات

| | | | |
|---|---|---|---|
| سەپەر | السفر | تاكسى | التاكسى |
| جۇڭگو | الصين | كىرا | أجرة |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ناشتا | الإفطار | كىرا قىلماق | أن يستأجر |
| ناشتا قىلماق | أن يُفطر | قىزغىن | دافىء، متحمس |
| ئايلانماق | أن يتجول، أن يتنزه | قارا شەھەر، يەكەن، تارىم، ئالتاي، چۆچەك | أسماء المدن |

القاعدة

1 - لاحقة (چە) ووظائفها:

(1) - هذه اللاحقة إذا أضيفت بأسماء الأمم تدل على لغاتها، مثلا:

ئۇيغۇر+چە= ئۇيغۇرچە - اللغة الأويغورية

ئەرەب+چە= ئەرەبچە - اللغة العربية

ئىنگلىز+چە= ئىنگلىزچە - اللغة الإنجليزية

(2)- إذا ألحقت بأسماء الإشارة توضح معنى موقف الشخص الذى تأتى معه، فمثلا (مېنىڭچە) بمعنى" فى رأيى، بالنسبة إلى".

أمثلة:

مەن(+نىڭ)+چە= مېنىڭچە - فى رأيى، حسب رأيى

سەن(+نىڭ)+چە= سېنىڭچە - فى رأيك، حسب رأيك

ئۇ (نىڭ)+چە= ئۇنىڭچە - فى رأيه، حسب رأيه

(3) - إذا أضيف أداة (چە) إلى أواخر الأسماء تفيد التمييز، مثلا:

ۋاقىت (ىن)+چە= ۋاقتىنچە - مؤقتا

ئوغۇرلۇق+چە= ئوغۇرلۇقچە - سرقة

ياز(ى)+چە= يازىچە - صيفا

أمثلة:

ئۇ يەرگە ۋاقتىنچە بارمىدىم. - ماذهبت إلى هناك مؤقتا.

ئۇ مەكتەپ بويىچە ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچى..هو أحسن طالب على مستوى المدرسة

2 - لاحقة (چە) تفيد حد أو نهاية الشيء.

(1) - لاحقة (چە) تفيد حد أو نهاية الشيء، وذلك إذا أضيفت إلى المصدر الشينى وصيغة الصلة والوصف ذو اللاحقة (غان)، مثل:

بىلىش+ىم+چە= بىلىشىمچە - حسب علمى

بىلگەن(+ىم)+چە= بىلگىنىمچە - على حد علمى.

(2) - لاحقة (چە) إذا أضيفت إلى لواحق المفعول إليه (غا، قا،گە،كە) تتشكل لاحقة مركب مثل(غىچە، قىچە، گىچە، كىچە) وتدل على الصيغة الانتهائية.

يعنى لواحق الصيغة الانتهائية (غىچە، قىچە، گىچە، كىچە)، مثل:

تۇرپان+غا+چە = تۇرپانغىچە - حتى الطرفان

يۈز+گە+چە = يۈزگىچە - حتى المائة

بەش+كە+چە = بەشكىچە - حتى الخامسة

٣ -القاعدة الثالثة: لاحقة (چە) للمقدار:

إذا دخلت لاحقة (چە) على الضمائر والإسم مع لاحقة الصفة (لىك) تدل على المقدار والتشبيه، ويتغير شكلها إلى (چىلىك)، مثل:

مەن ئۇيغۇر تىلىنى سەنچە (سەنچىلىك) بىلمەيمەن- أنا لا أعرف الأويغورية مثلك.

سەنمۇ ئۇنىڭچىلىك ئال. - وأنت أيضا خذ مثله.

## تمرينات وواجبات

1 - إقرأ وترجم الجمل التالية إلى العربية:

- بۇ گەپلەرنى هازىرچە ئۇنىڭغا دىمەڭ.

- بىز سىنىپتا مۇئەللىمنىڭ سوئاللىرىغا ئۇيغۇرچە جاۋاب بېرىمىز.

- ئۇ ئايال ئېرى كەلمىگىچە كەتمەيتتى.

- قىشچە بىر كۈنمۇ ئارام ئالدىم.

- ئايروپىلان قاھىرەدىن مەككىگىچە قانچە سائەت ئۇچىدۇ؟

- دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ شەھەر قەيەردە؟
- سىنىڭچە بۈگۈن يامغۇر ياغارمۇ؟
- مەيلى، سىنىڭ دېگىنىڭچە قىلايلى.
- بۇ ئىسسىقتا سۇدانغا بارغىچە ئىسكەندەرىيەگە بارساڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟

2 - ترجم الجمل التالية إلى الأويغورية:

- كنت أعمل حتى الظهر، أما الآن أعمل حتى الساعة الرابعة عصرا.
- أنت لا تعرفه كمثلي.
- هي تجيد الحديث بالأويغورية جيد جدا.
- هو كان يجرى ثلاثة أيام حتى أمس.

# الدرس السادس والعشرون - يىگىرمە ئالتىنچى دەرس

## كىمنى سايلىماقچى؟

ئامېرىكىدا سايلام بولۇۋاتقاندا بىر موماي يەنە بىر مومايدىن سورايدىكەن:

- سىز كىمنى سايلىماقچى؟
- ھېچكىمنى سايلىماقچى ئەمەسمەن.
- نېمە ئۈچۈن؟
- نامزاتلارنىڭ ئىچىدە بىرمۇ ئايال كىشى يوق ئىكەن.
- سىز ئايال كىشىنى سايلىماقچىمۇ؟
- ھەئە، بىر ئايال كىشىنى سايلىماقچىمەن.
- بۇ مۇمكىن ئەمەس.
- نېمە ئۈچۈن؟
- بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددى، ئەگەر سىز سايلىماقچى بولغان ئايال بەك سەت بولسا ئۇنى ئەرلەر سايلىمايدۇ. ئەگەر سىز سايلىماقچى بولغان ئايال بەك چىرايلىق بولسا ئۇنى ئاياللار سايلىمايدۇ. شۇڭا ئۇ بەربىر سايلانمايدۇ.

### الكلمات

| | | | |
|---|---|---|---|
| نامزات | المرشح | شېرىك | الشريك |
| سەۋەب | السبب | سايلا | انتخب، اقترع |
| ئاددى | عادي، بسيط | سايلام(سايلا-م) | الانتخابات، التصويت |
| سەت | قبيح | سايلان(سايلا-ن) | انتُخب |
| بەربىر | على أية حال | شېرىك | الشريك |

## القواعد

### الفعل الالتزامى ـ كەلگۈسى زامان مەقسەت خەۋەر شەكلى

الفعل الالتزامى: صيغة تدل على ما يتمنى وقوعه من الفعل فى المستقبل. أو وهي صيغة تدل على فعل يلزم وقوعه فى المستقبل.

وتصاغ هذه الصيغة بإضافة (ماقچى، مەكچى) إلى المادة الأصلية. وتفيد الفعل الالتزامى للزمن المستقبل، أما إذا جاء فعل الإعانة (ئىدى) بعد الفعل الالتزامى فتفيد هذه الصيغة حكاية الفعل الالتزامى، مثلا:

بىر ئايال كىشىنى سايلىماقچىمەن. - أريد أن أنتخب إمرأة.

ئەخمەت سىلەرنىڭكىگە بارماقچى. - أحمد يريد أن يذهب إليكم

بۇ رومانىنى بىر ئوقۇپ چىقماقچى ئىدىم. - كان يلزم أن أقرأ هذا القصة مرة

| ئوقۇماق | | يازماق | |
|---|---|---|---|
| مەن ئوقۇماقچى ئىدىم | كان يلزم أن أقرأ | مەن يازماقچى ئىدىم | كان يلزم أن أكتب |
| بىز ئوقۇماقچى ئىدۇق | | بىز يازماقچى ئىدۇق | |
| سەن ئوقۇماقچى ئىدىڭ | | سەن يازماقچى ئىدىڭ | |
| سىز ئوقۇماقچى ئىدىڭىز | | سىز يازماقچى ئىدىڭىز | |
| سىلەر ئوقۇماقچى ئىدىڭلار | | سىلەر يازماقچى ئىدىڭلار | |
| ئۇ ئوقۇماقچى ئىدى | | ئۇ يازماقچى ئىدى | |
| ئۇلار ئوقۇماقچى ئىدى | | ئۇلار يازماقچى ئىدى | |

**نفى الفعل الالتزامى:**

ينفى الفعل الالتزامى بوضع لاحقة (ئەمەس) بعد الفعل الالتزامى ثم فعل الاعانة. (يمكن كذلك أن يوضع ضمائر شخصية خبرية بدل فعل الاعانة)، مثلا:

مەن ئەۋەتمەكچى ئەمەس ئىدىم - ما كنت أود أن أرسل

مەن بارماقچى ئەمەس ئىدىم - ما كنت أود أن أذهب

| بارماق | ئەۋەتمەك |
|---|---|
| مەن بارماقچى ئەمەس ئىدىم | مەن ئەۋەتمەكچى ئەمەس ئىدىم |
| بىز بارماقچى ئەمەس ئىدۇق | بىز ئەۋەتمەكچى ئەمەس ئىدۇق |
| سەن بارماقچى ئەمەس ئىدىڭ | سەن ئەۋەتمەكچى ئەمەس ئىدىڭ |
| سىز بارماقچى ئەمەس ئىدىڭىز | سىز ئەۋەتمەكچى ئەمەس ئىدىڭىز |
| سىلەر بارماقچى ئەمەس ئىدىڭلار | سىلەر ئەۋەتمەكچى ئەمەس ئىدىڭلار |
| ئۇ بارماقچى ئەمەس ئىدى | ئۇ ئەۋەتمەكچى ئەمەس ئىدى |
| ئۇلار بارماقچى ئەمەس ئىدى | ئۇلار ئەۋەتمەكچى ئەمەس ئىدى |

## الالتزامى فى حالة الاستفهام:

يتكون استفهام الفعل الالتزامى بإلحاق أداة الاستفهام (مۇ) فى نهاية صيغة تصريف الفعل الالتزامي، مثلا:

| استفهام حكاية الفعل الإلتزامى | استفهام الفعل الإلتزامى |
|---|---|
| مەن بارماقچى ئىدىممۇ؟ | مەن بارماقچىمۇ؟ |
| بىز بارماقچى ئىدۇقمۇ؟ | بىز بارماقچىمۇ؟ |
| سەن بارماقچى ئىدىڭمۇ؟ | سەن بارماقچىمۇ؟ |
| سىز بارماقچى ئىدىڭىزمۇ؟ | سىز بارماقچىمۇ؟ |
| سىلەر بارماقچى ئىدىڭلارمۇ؟ | سىلەر بارماقچىمۇ؟ |
| ئۇ بارماقچى ئىدىمۇ؟ | ئۇ بارماقچىمۇ؟ |
| ئۇلار بارماقچى ئىدىمۇ؟ | ئۇلار بارماقچىمۇ؟ |

## نفى الاستفهام للفعل الالتزامى

أما نفى الاستفهام للفعل الالتزامى تتم بوضع كلمة (ئەمەس) بعد الفعل الالتزامى وقبل أداة الاستفهام، مثلا:

مەن بارماقچى ئەمەسمۇ؟ = ئەمەسمەنمۇ؟ - أليس أريد أن أذهب؟

مەن بارماقچى ئەمەس ئىدىممۇ؟ =ئەمەسمىدىم - أما كنت أريد أن أذهب؟

## مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

1 - صرّف الأفعال التالية فى صيغة الفعل الالتزامى فى حالة الاثبات والنفى:

سايلا، قوي، كۆت، ياردەملەش، ماڭ، ئۆزگەر.

2 - ترجم الجمل الآتية إلى العربية:

- ئەتە نېمە قىلماقچىسەن؟

- مەن كەسپىمنى ئۆزگەرتمەكچى ئەمەس.

- قەيەرگە بارماقچى بولسىڭىز شۇ يەرگە بېرىڭ.

- سىز تېلېفون بەرمەكچىمىدىڭىز؟

- ئۇلار ئۈرۈمچىگە قاچان ماڭماقچى؟

- سەن قەشقەرگە بارماقچى ئەمەسمىدىڭ؟

3 - ترجم الجمل التالية إلى الأويغورية:

- إذا أردت أن تشترى سيارة قديمة، فاشترى سيارتى.

- هل تريد أن تهددنى؟

- ماذا تريد أن تبحث عن تاريم؟

# الدرس السابع والعشرون - يىگىرمە يەتتىنچى دەرس

## كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس

ئادەم ياش ۋاقتىدا ئاجايىپ خىياللارنى قىلىدىكەن. قېرىغاندا ئويلانساڭ، بۇ خىياللار قىزىق تۇيۇلىدىكەن.

مەن يېڭى ئۆيلەنگەن كۈنلەردە شۇنداق خىياللارنى قىلاتتىم:

بىر ئوغلۇم بولسا، ئوغلۇم ئۈچۈن چىرايلىق بىر بۆشۈك ياساتسام، ئوغلۇمنىڭ تىلى چىقسا، مەن ھەر قېتىم ئىشتىن كىرگەندە « دادا! دادا!» دەپ ئالدىمغا يۈگۈرسە، مەن ئۇنى ئەركىلەتسەم، ئويناتسام، كۈلدۈرسەم...

ئوغلۇمغا ئېسىل ئويۇنچۇقلارنى ئالدۇرسام، بالام مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە ئۇنى شەھەر بويىچە ئەڭ ياخشى مەكتەپتە ئوقۇتسام، كېيىن ئۇنى مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئالىي ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ھەتتا چەتئەللەردە ئوقۇتسام. ئوغلۇم كاتتا ئالىم بولسا، بىزگە چەكسىز شادلىقلار كەلتۈرسە. كېيىن ئوغلۇمنى ئۆيلىسەم، چوڭ توي قىلسام...

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئارزۇلۇق ئوغلۇممۇ تۇغۇلدى. ئايلار، يىللار ئۆتتى. ئىككىنچى بالام- قىزىممۇ تۇغۇلدى. ئۇنىڭغىمۇ مەخسۇس بۆشۈك ياساتقۇزدۇم.

ئىككى بالامنى ياخشى يەسلىلەردە باقتۇردۇم، ياخشى مەكتەپلەردە ئوقۇتتۇم.

يىللار ئۇچقاندەك تېز ئۆتتى. بالىلار چوڭ بولدى. ئون يىل ئىلگىرى ئوغلۇمنى ئۆيلىدىم. بەش يىل بۇرۇن قىزىمنىڭمۇ تويىنى قىلدىم. بىرنىڭ كەينىدىن بىرى- نەۋرىلىرىم تۇغۇلدى. بۇ چۈجە- خورازلار « بوۋا... بوۋا..» غىمۇ تويدۇردى.

ئاپام دائىم: « كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس » دەيتتى. راست ئىكەن. ھايات ماڭا ھەممە «تاغ»لارنى كۆرسەتتى.

مانا ئەمدى ئۆزۈمنىڭ يېشىمۇ بىر يەرگە يەتتى. تەقدىر ماڭا ئەمدى قايسى «تاغ» لارنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۇنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

## الكلمات - سۆزلۈك

| | | | |
|---|---|---|---|
| تاغ | الجبل | مەملىكەت | المملكة |
| يىراق | بعيد | يەسلى | الحضانة، الروضة |
| ئاجايىپ | عجيب | باقتۇرماق- (باق-تۇر) | أن يربيه، أن يرعاه |
| قېرى | عجوز | ئىلگىرى= بۇرۇن | قبل |
| ئويلان (ئويلا-ن) | فكِّر، تأمل | كەينى | خلف، وراء |
| ئويلاندۇر(ئويلا-ن-دۇر) | فكِّره، أمِّله | نەۋرە | الحفيد |
| تۇيۇلماق (تۇي- ۇل) | أن يُشعر | چۈجە- خوراز | طفلة -طفل |
| ئارزۇلۇق (ئارزۇ- لۇق) | محبوب | تويدۇر (توي- دۇر) | أشبعْ، أخنقْ |
| بۆشۈك | مهد الأطفال | دائىم | دائما |
| ياسات (ياسا-ت) | أصنعْ | هايات | الحياة |
| ياساتقۇز (ياسا-ت-قۇز) | صنِّع | كۆرسەت (كۆر-سەت) | أظهرْ |
| تىلى چىقماق | أن يبدأ الكلام | تەقدىر | القدر |
| قېتىم | مرة | قايسى | أي |
| يۈگۈرمەك | أن يجري | ئالىي | العالي |
| ئەركىلەت (ئەركىلەت) | دلِّع | ھەتتا | حتى |
| ئوينا- (ئوينا-ت) | ألعِب | چەتئەل | الخارج |
| كۈلدۈر (كۈل-دۈر) | أضحِك | چەكسىز (چەك-سىز) | بلا حد |
| ئويۇنچۇق (ئويۇن-چۇق) | لعبة، دمية | كەلتۈر (كەل-تۈر) | أحضِر |
| ئالدۇر (ئال-غۇر) | اجعله يأخذ | توي | الزفاف |
| يەتمەك | أن يبلغ | توي قىلماق | أن يتزوج |
| ئوقۇت (ئوقۇ-ت) | أقرأْ، درِّس | | |

# القواعد ـ گراماتكا

## صيغ الأفعال (أوزان الفعل) - پيئـل دەرىجىلىرى

### (1)

### الوزن الأصلى (المبنى للمعلوم) - ئەسلى دەرىجە

يعرف الوزن الأصلى فى اللغة العربية بـ (الفعل المعلوم)، وما تم اسناده إلى فاعله الحقيقى، ولا تكون له لاحقة خاصة به، مثلا:

كۈن چىقتى: طلعت الشمس ـ باھار كەلدى: جاء الربيع

مەن خەت يازدىم: أنا كتبت رسالة ـ بىز كىنو كۆردۇق:نحن شاهدنا السينما

سەن كىتاب ئوقۇدۇڭ: أنت قرأت الكتاب.

- الوزن الأصلى أو الفعل المبنى للمعلوم أساس أوزان الأفعال.

### (2)

### المبنى للمجهول - مەجھۇل دەرىجە

الفعل المبني للمجهول: هو الفعل الذى يدل على أن الحدث لم يُنفّذ من قبل صاحب الحدث، بل نُفّذ من قبل شخص آخر، أو ما حذف فاعله وحل محله المفعول به. أما الفعل المتعدى يصير فعلا لازما بعد إضافة لواحق الفعل المجهول. ويصاغ الفعل المبنى للمجهول بأحد الطرق الآتية:

1ـ بإضافة لواحق «ن، ىن» إلى الأفعال التى تنتهى مقطعها الأخير بحرف (ل)، مثل:

سايلا ـ سايلاندى(اختير) ـ ئۇ سايلاندى، سايلىنىدۇ، سايلىنىۋاتىدۇ.

ئال ـ ئېلىندى (أُخذ) ـ قەرز ئېلىندى، ئېلىنىدۇ، ئېلىنىۋاتىدۇ.

2. بإضافة لواحق (ل، ىل، ۇل، ۈل) إلى كل الأفعال الأخرى، مثل:

ئوقۇ ـ ئوقۇلدى (قُرأ). ـ خىتاب ئوقۇلدى، ئوقۇلىدۇ، ئوقۇلىۋاتىدۇ.

ياز ـ يېزىلدى (كُتب) ـ بۇ ماقالە يېزىلدى، يېزىلىدۇ، يېزىلىۋاتىدۇ.

قۇر ـ قۇرۇلدى (أُسّس) ـ شىركەت قۇرۇلدى، قۇرۇلىدۇ، قۇرۇلىۋاتىدۇ.

كۆر ـ كۆرۈلدى (رُئي، شُوهد) ـ يېڭى ئاي كۆرۈلدى، كۆرۈلىدۇ، كۆرۈلىۋاتىدۇ.

هناك بعض الأفعال التى تشذ عن هذه القاعدة، عندما تضاف لواحق الفعل المبنى للمجهول إليها يلزم أن تضاف (ي) أولا قبل لاحقة الفعل المبنى للمجهول، مثلا:

دە-ي- دپیلدی - قيل

یه- ي- یپیلدی - أُكل

یو-ي- یویولدی - غُسل

(3)

**افعال المطاوعة - ئوزلوك دەرىجە**

وهو الفعل الذى يدل على أن الفعل قامٍ به صاحب الحدث، أو هو كل فعل يدل على قبول الفاعل للكيفية أو الهيئة التى يؤدي الفعل لها، ويدل على وقوع العمل المقصود من الفعل على المفعول به، وقيام المفعول به مقام الفاعل اختيارا أو جبرا.

يصاغ أفعال المطاوعة بإضافة لواحق (ن، ىن، ۆن، ۈن) أو (ل، ىل، ۆل، ۈل) الى المادة الأصلية، مثلا:

(ن، ىن، ۆن، ۈن):

ياسا-ن= ياسان: تزين          كي-ىن= كيىن: التبس(ملابس)

ئور-ۆن= ئورۆن: حاولْ          كۆر-ۈن= كۆرۈن: اظهر

وكذا على سبيل المثال: (ل، ىل، ۆل، ۈل):

ياسا-ل=ياسال: اصطنع          ياز-ىل= يېزىل: اكتتب

ئور-ۆل= ئورۆل: انضرب          كۆر-ۈل= كۆرۈل: اظهر

**ملاحظة:**

1- هناك بعض الأفعال لا تتصرف فى شكل فعل مطاوعة، مثل:ماڭ، ياز، ئىشلە، ئوقۇ.

2- لكون الأفعال المطاوعة متشابهة بلواحقها مع الفعل المبنى للمجهول أحيانا، يمكن التمييز بينهما بأحد الطريقين:

(1) لو أضيفت إلى فعل معين لاحقة (ل) يكون هذا الفعل فعلا مجهولا، ولو أضيفت إلى هذا الفعل لاحقة (ن) يكون فعلا مطاوعا.

كۆرۈلدى: رُئي (مجهول)          كۆرۈندى: رُئي (مطاوعة)

(2) يميز بينهما عن طريق المعنى إذا لم يمكننا التفريق بينهما بواسطة اللواحق، مثل:

گۈللەر ئېچىلدى - تفتحت الزهور (مطاوعة)

ئىشىك ئېچىلدى. - فُتح الباب. (المجهول)

(4)

**افعال مشاركة - ئۆملۈك دەرىجە**

أفعال المشاركة: هو الفعل الذى يدل على اشتراك أكثر من شخص فى أداء الفعل فى الوقت عينه.

تتكون أفعال المشاركة بإضافة لواحق "ش، ىش، ۇش، ۈش" إلى المادة الأصلية للفعل، مثلا:

ئوينا- ئويناش: ئويناشتى، ئوينىشىدۇ، ئوينىشىۋاتىدۇ. - تلاعب

ياز- يېزىش: يېزىشتى، يېزىشىدۇ، يېزىشىۋاتىدۇ. - تكاتب

كىر- كىرىشتى: كىرىشىدۇ، كىرىشىۋاتىدۇ. - تداخل

كۆر- كۆرۈش: كۆرۈشتى، كۆرۈشىدۇ، كۆرۈشىۋاتىدۇ. - تَقابل

أمثلة:

ئۇلار قىزغىن كۆرۈشتى. - هم تصافحوا بحرارة

مەن ئابلىز بىلەن يۈگۈرۈشتۇم. - أنا تجاريت مع عبد العزيز

(5)

**تعدية الفعل - مەجبۇرى دەرىجە**

وهو الفعل الذى يحتاج إلى مفعول أو أكثر. ويمكن تعدية الفعل اللازم لكى يصبح متعديا، كما يمكن أيضا تكرار التعدية فى الأفعال التى هي متعدية أصلا، وذلك بإضافة أدوات التعدية على المادة الأصلية طبقا لقواعد تعدية الفعل، مثلا:

مەن بوۋامغا ھېكايە ئېيتقۇزدۇم. - أنا جعلت جدى يحكى لى قصة

ئۇلار مېنى كىرگۈزمىدى. - هم لم يدخلوني

أدوات الفعل المتعدى:

(1)- دۇر، تۇر، دۇر، تۇر؛

(2)- ت:

(3)- غۇز، قۇز، گۈز، كۈز؛

(4)- ـار، ۇر، ۈر.

<u>يصاغ الفعل المتعدى بأحد الطرق التالية:</u>

1- يصاغ الفعل المتعدى بإضافة حرف (ت) الى الأفعال التى تنتهى بحروف متحركة، ويصاغ كذلك بإضافة حرف (ت) الى الفعل الذى كان آخره: (ئار، ئەر، ئاي، ئەي):

ئوينا - ت = ئوينات. - ألعب أو اجعله يلعب

سۆزلە- ت= سۆزلەت. - أنطق أو إجعله ينطق

ئاقار- ت = ئاقارت. - بَيِّض

كۆكەر- ت = كۆكەرت - خضِّر

ئازاي- ت = ئازايت - قلّل

پەسەي- ت = پەسەيت - هدّأ

2. يصاغ بإضافة لواحق:"دۇر، دۈر" إلى الأفعال التى انتهت بحروف حاد (ل، م، ن، ز، گ، غ، ڭ، ي)، مثلا:

ئال- دۇر= ئالدۇر. - أخُذ، أو اجعله يأخذ

ياز- دۇر= يازدۇر - كتّب

ماڭ- دۇر= ماڭدۇر. - مشّيه، اجعله يمشى

سۇن -دۇر = سۇندۇر - كسرّه

ئۆيلەن-دۈر- ئۆيلەندۈر. - اجعله يتزوج

3. يصاغ بإضافة لواحق: "تۇر، تۈر" إلى الأفعال التى انتهت بحروف غير حاد "س، ش، ق، ك، پ"، مثلا:

باس- تۇر = باستۇر. -اجعله يطبع

ئالماش- تۇر = ئالماشتۇر. - بدّله

باق- تۇر = باقتۇر. - اجعله يرعى

ياپ- تۇر= ياپتۇر. - اجعله يستر

چەك - تۇر = چەكتۇر. - اجعله ينقش

وتشذ عن هذه القاعدة بعض الأفعال الشاذة هى: قوپ- قوپۇر، چىق- چىقار، پۇش- پۇشۇر، قورق-قورقۇت، ئاش- ئاشۇر، چۈش- چۈشۈر.

4. يصاغ بإضافة لواحق (ئۇر، ئۇر) إلى الأفعال التى انتهت بحرف (چ)، مثلا:

قاچ- قاچۇر - هرّب كۆچ- كۆچۈر - رحّل

5. يصاغ بإضافة لواحق"غۇز، قۇز، گۈز، كۈز"إلى المادة الأصلية التى تنتهى بحرف (ت، ر)، وكذلك إلى الأفعال المتعدية التى تنتهى بـ (ت، دۇر، تۇر، دۈر، تۈر) ليتعدى إلى مفعولين، مثلا:

يات- قۇز= ياتقۇز. - اجعله يضطجع

تۇر- غۇز = تۇرغۇز. - اجعله يقوم

كۆر- گۈز= كۆرگۈز. - اجعله يرى

ئىشلەت-كۈز= ئىشلەتكۈز. - اجعله يعمل

جدول أوزان الفعل ولواحقهم

| تۈرى | قوشۇمچىسى | مىساللار |
|---|---|---|
| ئەسلى دەرىجە | يوق | ياسا، ياز، تۇت، كۆر، باشلا، قىل |
| مەجهۇل دەرىجە | ن، ىن<br>ل، ىل، ۇل، ۈل | باشلاندى، قىلىندى<br>ياسالدى، يېزىلدى، تۇتۇلدى، كۆرۈلدى، |
| ئۆزلۈك دەرىجە | ن، ىن، ۇن، ۈن<br>ل، ىل، ۇل، ۈل | ياسان، ئىلىندى، كۆرۈن، ئۇرۇن<br>ئېچىل، قوزغال، ئۈزۈل، قوشۇل |
| ئۆملۈك دەرىجە | ش، ىش، ۇش، ۈش | سۆزلەشتى، يېزىشتى، تۇتۇشتى، كۆرۈشتى |
| مەجبۇرى دەرىجە | دۇر، تۇر، دۈر، تۈر،<br>ت<br>غۇز، قۇز، گۈز، كۈز،<br>ار، ۇر، ۈر | قىلدۇر، باستۇر، كەيدۈر، كەلتۈر<br>ئازايت، ئوقۇت<br>بارغۇز، تۇتقۇز، ئەمگۈز، كۆتكۈز،<br>ئۇچار= ئۇچۇر، كۆچۈر. |

# مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

1 - ابن الأفعال التالية للمجهول، ثم اجعلها أفعالا مشاركة ومطاوعة:

كۆر، ئال، قىل، سۆي، سورا، بىل

2 - صرف الأفعال التالية في المتعدي:

بەر، كىر، چاقىر، سۆي، ياز، ئىچ، تۇت.

3 - لاحظ بنية الأفعال التالية:

ئىشلەتكۈز، كۆرسىتىلدى، چۈشەندۈرۈلدى، ئۇچراشتۇرۇلدى، سايلاتقۇز.

4 - إقرأ الجمل الآتية ثم ترجم إلى العربية:

- سىزگە تاپشۇرۇلغان ئىشنى قىلدىڭىزمۇ؟
- قەشقەرلىك دوستىڭىزغا ئۇيغۇرچە خەت يازدۇردىڭىزمۇ؟
- ئۇ ساڭا نېمىنى كۆرسەتتى.
- بۇ خەۋەر تېلېۋىزوردا ئاڭلىتىلدىمۇ؟
- مېھمانلار ۋاقتىدا كېلىشتىمۇ؟ تاماقلار ياخشى يېيىلدىمۇ؟
- سەن ئۇنى ماڭدۇرمىدىڭمۇ؟
- سىلەرنىڭ مەكتىپىڭلاردا ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇلۇۋاتامدۇ؟

5 - ترجم الجمل الآتية إلى الأويغورية:

- أنا أريته الساعة.
- أمس مشيته إلى العمل.
- كيف تُكتب الأويغورية؟
- نحن أضحكناه.
- أنا كتَّبت إلى أخي رسالة.

# الدرس الثامن والعشرون - يىگىرمە سەككىزىنچى دەرس

## مۇنەۋۋەر كادىر ۋە كاۋاپ

تۈنۈگۈن بىر ئىشنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم. كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە ماڭغىلىۋاتاتتىم. ئىشىك ئالدىدا ئىككى خىزمەتدىشىم ئۇچراپ ماڭا سالام بەردى. مەنمۇ ئۇلارغا سالام بېرىپ ئەھۋال سورىدىم. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قولتۇقىدا شەرەپ گۇۋاھنامىسى بار ئىدى. ئۇ «مۇنەۋۋەر كادىر تەقدىرنامىسى» ئىكەن. مەن بۇ خىزمەتدىشىمنى چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلىدىم.

مۇبارەك بولسۇن! سىز تىرىشىپ ياخشى ئىشلىگەچكە، مانا بۇ شەرەپكە ئېرىشتىڭىز.

ئەپسۇس، رەھمەتنىڭ ئورنىغا بۇ كىشى:

بۇنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ بۇنىڭغا قوشۇپ ھېچبولمىغاندا 50 يۈەن بەرسىچۇ. بىر قېتىملىق كاۋاپقا يارىمايدىغان بۇنداق مۇكاپاتنى نېمە قىلىمەن؟ دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنداق ئۇنىڭ ئورنىغا 50 يۈەن بەرگەن بولسا بىر قېتىم كاۋاپ يەيتتۇق، دەپ قوشۇلدى ئۇنىڭ ھەمراھى.

مەن بۇ ئىككىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغانسېرى ھەيران بولدۇم. دۇنيادا ھەر قانداق ئىشنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. بىر ئادەم ياخشى ئىشلەپ، خىزمىتىدە نەتىجە ياراتسا، ئاندىن بۇ خىل « مۇنەۋۋەر كادىر» دېگەن نامغا ئېرىشىدۇ. بۇ بىر خىل شەرەپ. ئەمما بۇ ئىككىسىنىڭ بۇنداق زور شەرەپنى بىر قېتىملىق كاۋاپقا تەڭ قىلماي دېگەن گەپلىرى مېنى ھاڭ- تاڭ قالدۇردى. «دۇنيادا مۇنداق ئادەملەرمۇ بولىدىكەن- ھە!» دېدىم ئىچىمدە.

## سۆزلۈك - الكلمات

| | | | |
|---|---|---|---|
| مۇنەۋۋەر | متميز | ئورنىغا | مكانه، بدله |
| كادىر | الكادر | كېرەك | لا بد، يجب |
| كاۋاپ | الكباب | ھېچبولمىغاندا | على الأقل |
| خىزمەت | الخدمة | يارىماق | أعجب |
| خىزمەتداش | زميل العمل | مۇكاپات | المكافأة |
| سالام بەر | أن يسلّم | قوشماق (قوشۇپ) | أن يزيد |
| ئەھۋال | الحال | ھەمراھ | الرفيق |
| ئەھۋال سورا | أن يسأل حاله | ھەر قانداق | كل، أي |
| قولتۇق | إبط | نەتىجە | النتيجة |
| شەرەپ | الشرف، التقدير | ياراتماق | أن يبدع |
| گۇۋاھنامە (گۇۋاھ-نامە) | شهادة | نەتىجە يارات | أن يخلق النتيجة |
| تەقدىرنامە(تەقدىر-نامە) | لوحة شرف | كەسىپداش(كەسىپ-داش) | صاحب في العمل |
| چىن | حقيقي، بصدق | ئاندىن (ئۇنىڭدىن كېيىن) | ثم |
| چىن كۆڭۈل | مخلص، صادق | نام | لقب، عنوان |
| تەبرىكلە | هنّأه | ئەمما | أمّا |
| مۇبارەك بولسۇن! | مبروك | زور | كبير |
| تىرىشماق | أن يجتهد | تەڭ قىلماق | أن يساوي |
| ئېرىشمەك | أن يحصل | ھاڭ- تاڭ قالماق | أن يدهش |
| ئەپسۇس | مع الأسف | پىيالە | فنجان، كوب |

## القواعد

### صيغ الربط (الظرف الفعلى) - رەۋىشداش(هال پېئىل)

صيغ الربط (الظرف الفعلى): هو الذى له خاصية الفعل والظرف، ويأتى فى الجملة فى دور الفعل والظرف. والظرف الفعلى أصله فعل، ثم أصبح ظرفا بإضافة لواحق معينة.

والظرف الفعلى لا يتصرف مع لواحق الأشخاص والمفرد -الجمع، والزمان. ويفيد الحال فى الحدث الذى عبّرت فى الفعل.

<u>يصاغ الظرف الفعلى (صيغ الربط) بأحد الطرق الآتية:</u>

1. **الصيغة الحالية (الصيغة العطفية)**: تصاغ بإضافة لواحق (پ، ىپ، ۇپ، ۈپ) إلى المادة الأصلية للفعل. وهذه الصيغة تسمى فى العربية (الصيغة الحالية، أو صيغة العطف) الذى تبين وضعية وحال الفاعل فى زمن حدوث الفعل.

قاعدة إضافة اللواحق تكون على نمط واحد. وهو أن تضاف لاحقة (پ) إلى الكلمة التى تنتهى بحرف متحرك، ولاحقة (ىپ) إلى الكلمة التى تنتهى بحرف ساكن، ولاحقة (ۇپ) إلى الكلمة التى مقطعها الأخير حرف متحرك ثقيل مستدير مبسوط (ئو، ئۇ)، ولاحقة (ۈپ) إلى الكلمة التى آخر مقطعها حرف متحرك خفيف مستدير (ئۆ، ئۈ)، مثلا:

| | |
|---|---|
| ئىشلە-پ= ئىشلەپ: عاملا | ئوينا-پ=ئويناپ: لاعبا |
| ياز-پ= يېزىپ: كاتبا | كەل-پ=كېلىپ: مجيئا |
| تۇت-پ= تۇتۇپ: ممسكا | كۆر-ۈپ=كۆرۈپ: شاهدا |

أمثلة:

<u>ئويناپ</u> سۆزلىسەڭمۇ، <u>ئويلاپ</u> سۆزلە. - تحدث مفكرا، ولو تحدثت لاعبا.

مەن ئۇنى <u>كۆرۈپ</u> ھەيران بولدۇم. - كنت حيرانا وأنا ناظرا له

شكل المنفى للصيغة الحالية ب: (ماي، مەي) بعد المادة الأصلية بدون صيغة العطف (پ...)، وقبل الفعل المساعد إذا كان الفعل مركبا من فعلين، مثل:

جاپا چەكمەي، ھالاۋەت يوق. -لا توجد حلاوة دون أن تتعب

ئالماي كەلمە، بىلمەي سۆزلىمە. -لاتأتى دون أن تأخذ، ولاتتكلم دون أن تعرف

2. الصيغة الابتدائية:تصاغ عن طريق اضافة لواحق « غىلى، قىلى، گىلى، كىلى» إلى المادة الأصلية. وهذه الصيغة تسمى الصيغة الابتدائية ، مثلا:

بىز ئوقۇغىلى كەلدۇق. - نحن جئنا لأجل الدراسة.

مۇھەممەد قويلارنى ساتقىلى بازارغا باردۇ. -يذهب محمد لبيع الأغنام إلى السوق

ئوسمان ئۇيغۇرتىلىنى ئۆگەنگىلى قەشقەرگە كەتتى.

- ذهب عثمان إلى كاشغر لتعلم اللغة الأويغورية.

بۇنىڭدىن نارتۇق كۈتكىلى بولمايدۇ. - لا يمكن الانتظار أكثر من هذا.

الصيغة الابتدائية: تستعمل لبيان الغرض والسبب، ولبيان أن العمل فى حالة الابتدائية، وتفيد كذلك أنه يمكن الوصول إلى الهدف، وتعبر كذلك عن استمرار الحدث بدون توقف.

3. الصيغة الانتهائية: تتكون باضافة لواحق:"غۇچە، قۇچە، گۇچە، كۇچە" إلى المادة الأصلية. وتستخدم هذه الصيغة للتعبير عن حدث يقع فى نفس الوقت مع الحدث الرئيسى. وتسمى هذه الصيغة بالصيغة الانتهائية. وهذا النوع من الظرف الفعلى يفيد وقت الحدث وموقعها ويفيد كذلك معنى المقارنة ، ويكون حالا فى الجملة.

وتحدثنا عن هذه الصيغة فى استعمالات (چە) راجع فى هذا الدرس.

تضاف لاحقة(غۇچە، قۇچە) للمادة الأصلية التى ينتهى مقطعها الأخير بحرف متحرك ثقيل. إذا انتهت بحرف حاد تضاف (غۇچە) وإذا انتهت بحرف ساكن تضاف (قۇچە).

وتضاف لاحقة (گۇچە، كۇچە) للمادة الأصلية التى ينتهى مقطعها الأخير بحرف متحرك خفيف. إذا انتهت بحرف حاد تضاف (گۇچە) وإذا انتهت بحرف ساكن تضاف (قۇچە)، مثلا:

تۇرغۇچە: حتى يقوم كەلگىچە: إلى أن يأتى

خوتەنگە بارغۇچە يولدا كۆپ جاپا تارتتۇق

- تعبنا كثيرا فى الطريق حتى الذهاب إلى خوتن

كۈن پاتقۇچە ئەنقەرەگە بارالايمىز -نستطيع الوصول إلى أنقرة حتى يغرب الشمس

قىزىمنى كۆرمىگۈچە كەتمەيمەن. - لا أمشى حتى أرى ابنتى

ئۇ كەتكۈچە سەن ساقلاپ تۇر. - انتظر أنت حتى يذهب هو

4. الصيغة التزامنية: تتكون باضافة لواحق "غاچ، قاچ، گەچ، كەچ" إلى المادة الأصلية. وتستخدم هذه الصيغة لتعبر عن حدث يحدث قبل الحركة الرئيسة مباشرة، وتفيد التزامن الحالية، مثلا:

ماڭغاچ پاراڭلىشايلى. - لنتحدث ماشيا

ئىككىمىز چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتۇق. - بينما نحن تحدثنا شاربين الشاي.

خەۋەر كۆرگەچ تاماق يەيمەن. -بينما أأكل طعامى وأنا مشاهدا الأخبار.

ئۇ قاچقاچ مەن قوغلۇدۇم. - طاردته لكونه هاريا.

5. الظرف السببي: تصاغ بإضافة لواحق:"غاچقا، قاچقا، گەچكە، كەچكە" إلى المادة الأصلية. مثلا:

ئىش شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭغا گەپ قىلمىدۇق.

- لكون الأمور كذلك لم نتكلم معه

ئۆيگە مېهمان كەلگەچكە، دەرسكە كېچىكىپ قالدىم.

- تأخرت عن الدرس بسبب حضور الضيف الى البيت.

ئۇ ئۆيىگە كەتكەچكە مەن كەلدىم. - بما أنه ذهب الى البيت حضرت أنا.

6. الصيغة الاستمرارية: تصاغ بإضافة لواحق: "غانسېرى، قانسېرى، گەنسېرى، كەنسېرى" إلى المادة الأصلية. وهذا الصيغة تفيد استمرار الحدث وتكون حالا. وتسمى فى العربية الصيغة الاستمرارية (التدريجية)، مثلا:

ئۇ يېگەنسېرى چوڭايماقتا. - كلما أكل يكبر

مەن ئاڭلىغانسېرى خوشاللىق هېس قىلدىم. - كلما سمعته أحسست السرور

قورققانسېرى قوغلا. - كلما خاف طارده

يتم نفى الصيغة الاستمرارية بوضع علامة النفى (ما) بشكل (مى) بين المادة الأصلية واللاحقة الدالة على صيغة الاستمرار، مثلا:

ئوقۇمىغانسېرى: كلما لا يقرأ كەلمىگەنسېرى: كلما لا يأتى

7. صيغة التعقيب وصيغة بمجرد أن: تتكون بإضافة لواحق (ـا،ـە) إلى المادة الأصلية. وهذه الصيغة تسمى فى العربية (صيغة بمجرد أن)، مثلا:

ماڭا- ماڭا ھېرىپ كەتتىم. - مازلت ماشيا حتى تعبت

كۈلە-كۈلە بەك چارچىدۇق. - مازلنا ضاحكين حتى أرهقنا.

بارا- بارمايلا قايتىپ كەلدىم - رجعت بمجرد أن ذهبت

كېلە-كەلمەيلا خىزمەت قىلدى. - بدأ يعمل بمجرد أن جاء.

جدول لواحق الظرف الفعلي أو صيغة الربط

| رەۋىشداشلارنىڭ تۈرى | قوشۇمچىلار | مىساللار |
|---|---|---|
| ھالەت رەۋىشلىرى<br>الصيغة الحالية (العطفية) | پ، ىپ، ۇپ، ۈپ | سوراپ، يېزىپ، قوشۇپ، كۆرۈپ |
| ھەرىكەت رەۋىشداشلىرى<br>الصيغة التزامينة، أو القبلية | غاچ- قاچ- گەچ- كەچ | بارغاچ، تاپقاچ، كەلگەچ، ئۆتكەچ |
| ۋاقىت رەۋىشداشلىرى<br>الصيغة الانتهائية | غۇچە-قۇچە-گۈچە-كۈچە<br>غىچە-قىچە-گىچە-<br>كىچە | بارغۇچە، تاپقۇچە، كۆرگۈچە،<br>ئۆتكۈچە<br>يازغىچە، كۆرگىچە، ياتقىچە،<br>كەتكىچە |
| مەقسەت رەۋىشداشلىرى<br>الصيغة الابتداية | غىلى،قىلى،گىلى،كىلى | بارغىلى، تاپقىلى،<br>بىلگىلى،يەتكىلى |
| سەۋەب رەۋىشداشلىرى<br>الصيغة السببية | غاچقا،قاچقا،گەچكە،<br>كەچكە | بولغاچقا، تۇرغاچقا، بۆلگەچكە،<br>كەتكەچكە |
النعت: (ئې) الحال: (ھ)

مەسىلەن:

1. مەن سەيپىدىننى بازاردا كۆردۈم. - أنا رأيت سيف الدين فى السوق.

ئـ ت ھ خ

2. زۇلپىيەنىڭ كۆزى بەكمۇ ئۆتكۈر ئىكەن. -عين زلفية كانت حادة جدا.

ئې ئـ ھ خ

3. گەپنىڭ ئېگىدە گەپ بار. - تحت الكلام كلام.

ئې ھ ئـ خ

4. خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلىشىمىز لازىم. - يجب أن نعمل العمل بإتقان.

ت ھ خ

5. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. - لا يمكن معرفة ما فى قلبه.

ئې ت خ

6. مەكتەپنىڭ گۈللۈكىدە، ھەر خىل گۈللەر ئېچىلىپتۇ

- تفتحت زهور متنوعة فى حديقة المدرسة

ئې ھ ئە خ

7. قېرىنداشلار، بىر ئاز سەۋر قىلايلى. - أيها الإخوة، لنصبر قليلا.

ھ خ

8. ئوقۇغۇچىلار ئىنتىزامغا ئاگلىق رىئايە قىلىشى لازىم.

- يجب على الطلاب مراعاة النظام بوعى

ئە ت ھ خ

9. ئامىنە، ئارزۇگۈل، زۆھرەلەر شەھەردىن كەلدى. جاءت آمنة وآرزو وزهرة من السوق

ئە ھ خ

## بعض مشتقات الأفعال

هي كل كلمة تتصف بالمعنى المصدرى وتخبر عن ذات أو شيء، وكذلك تدل على الموصوف بحدث غير مقترن بزمن مقصود.

1 - اسم الفاعل: إذا أضيفت هذه اللواحق «غۇچى، قۇچى، گۇچى، كۇچى» إلى المادة الأصلية للفعل تصنع اسم الفاعل، مثل:

ئوقۇغۇچى: الطالب

ئۇتقۇچى : الغالب

كۆرگۈچى: الرائى

كۈتكۈچى: المضيف

وكذلك يصاغ اسم الفاعل بإضافة لاحقة الصلة والوصف (غان، قان، گەن، كەن...) إلى المادة الأصلية للفعل، مثلا:

ئوقۇغان: الذى قرأ

كۆرگەن: الذى رأى

**نفى اسم الفاعل:**

يتم نفى اسم الفاعل بوضع أداة النفى (مى) بين المادة الأصلية واللاحقة الدالة على اسم الفاعل:

ئوقۇمىغۇچى: الذى لم يدرس

كۆرمىگۈچى : الذى لم يرى

2 - **اسم المفعول**: إذا أضيفت صيغة الصلة والوصف (غان، گەن) إلى المبنى للمجهول تصاغ اسم المفعول، مثل:

ئوقۇل-غان= ئوقۇلغان: المقروء

كۆرۈل- گەن= كۆرۈلگەن: المرئى

بىلىن- گەن= بىلىنگەن: المعروف

**نفى اسم المفعول:**

يتم نفى اسم المفعول بوضع أداة النفى (مى) بعد لاحقة المبنى للمجهول:

ئوقۇلمىغان: غير المقروء

كۆرۈلمىگەن: غير المرئى

بىلىنمىگەن: غير المعروف

3- **اسم الآلة**: إذا اضيفت اللواحق (غۇچ، قۇچ، گۈچ، كۈچ) الى المادة الأصلية للفعل تصاغ اسم الآلة، مثل:

سىز-غۇچ = سىزغۇچ: المسطرة

ئاچ- قۇچ = ئاچقۇچ : المفتاح

ئۆچۈر-گۈچ = ئۆچۈرگۈچ: المحاة

سۈرت-كۈچ = سۈرتكۈچ: المسّاحة

# الجزء الثاني - ئىككىنچى قىسىم

## نماذج نصوصية لبعض الأدباء الأويغور القدامى والمحدثين

## ئۇيغۇر ئىسلام ئەدەبىيات تارىخى

# قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

قاراخانىيلار خانلىقى 9-ئەسىرنىڭ باشلىرى قۇرۇلۇپ، 10-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يېتىلگەن. ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى ئاھالىلەر ئاساسەن ئۇيغۇر، قارلۇق، تۈركەش، ياغما، چىگىل، سوغدى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى غەربتە قارا قۇرۇم چۆللۈكىدىن، شەرقتە لوپنۇر كۆلىگىچە، شىمالدا بالقاش كۆلىدىن جەنۇبتا ئامۇ (جەيھۇن) دەرياسىغىچە يېتىپ باراتتى. يەنى قەشقەر، خوتەن، بالاساغۇن، غەزنە، بەدەخشان، تېرمىز، بۇخارا، سەمەرقەند، مىرغىلان، كاسان، ئوترار، ئۆزكەند، كۇچا، بەشبالىق شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

قاراخانىيلار خانلىقى قەشقەر بىلەن بالاساغۇن شەھىرىنى پايتەخت قىلغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ بىر تۈركۈم تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئۆز زامانىسىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا «تۈرك» نامىنى ئەمەس، بەلكى «ئۇيغۇر» نامىنى قوللانغان.

مۇشۇ يىللاردا قارلۇق، ياغما، چىگىل، ئوغۇز، تۈركەش، سوغدى، قىتان قاتارلىق قەبىلىلەر نامى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ سەھنىسىدە غايىب بولۇپ، پەقەت تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىچىدە «ئۇيغۇر» نامىلا ساقلىنىپ قالغان.

شۇنداقلا قىرغىز ۋە تاتارلارنىڭ ئاساسىي قىسمى مۇڭغۇل دالىسىدا ئىدى. قازاق ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ نامى تارىخ بېتىگە يېزىلمىغان. قازاق ۋە ئۆزبېكلەر 16-ئەسىرلەردە ئاندىن مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇ ئۇقتىنى بارتولد قەيت قىلغان.

ئۇيغۇرلار بۇرۇن تارىختا توققۇز ئوغۇز دەپ تونۇلغان، كېيىن ئۇيغۇر نامى بىلەن مەشھۇر بولدى. دېمەك، توققۇز ئوغۇز ياكى ئۇيغۇر بىر قەبىلىنىڭ نامىدۇر.

قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەر، بالاساغۇن، سەمەرقەند قاتارلىق شەھەرلەر مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئايلانغان.

قەشقەردە كۆپ مەدرىسىلەر تەسىس قىلىنغان، شۇڭا ئەدىب جامال قارشى ئۆز زامانىسىدىكى قەشقەرنى« ئىسلام دىيارى، ئەزىزلەر يۇرتى، مەشھۇر زاتلارنىڭ پائالىيەت سەھنىسى، ئېسىلزادە ئەمىرلەرنىڭ ماكانى، ئۇلۇغ ئالىملار تۇغۇلۇپ

ئۇسكەن شەھەر» دەپ سۈپەتلىگەن.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغان. كونا ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئىسلام قىلىنغان ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى خاقانىيە يېزىقىدا كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ دەۋردە قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىنىڭ سىرتىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر (قەبىلىلەر) ئارىسىدىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تىلىدا يېزىش ئوتتۇرا ئاسىيا، يەتتىسۇ، خارەزم رايونلىرىدا بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلانغان.

بۇ ھال چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە، ئوگودەي ۋە چاغاتاي دەۋرلىرىدە داۋاملىق ئىپادىلىنىپ تۇردى.

قاراخانىيلار قورۇلۇشتىن بۇرۇن مۇھەممەد مۇسا خارەزمى (780-850) دېگەن ئۇلۇغ ئالىم ئۆتكەن. قاراخانىيلار دەۋرىدە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەت تۈرك» ئەسىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق داستانى، ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ بىر قاتار ئىلمىي ئەسەرلىرى، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق داستانى مەيدانغا كەلگەن.

قاراخانىيلار دەۋرىدە يەنە ئابدۇغاپپار بىن ھۈسەيىن، ئىمامىدىن كاشغەرى، مەجدىدىن بىننى ئەدنانى، مۇھەممەد سەمەرقەندى، قاتارلىق ئەدىبلەر ئۆتكەن.

ئابدۇغاپپار بىننى ھۈسەيىن كاشغەرى كاشغەردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم. ئۇ «تارىخى كاشغەر»، «مەسكەنى ئۇستازلار» دېگەن كىتابنى يازغان.

بىرۇنى- تولۇق ئىسمى ئەبۇ رەيھان مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد بىرۇنى (973-1050) قاراخانىيلار خانلىقىغا قاراشلىق ئۈرگەنچ شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىرۇن يېزىسىدا تۇغۇلغان ۋە ئافغانىستاندىكى غەزنە شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

بىرۇنى 150 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان، بۇلارنىڭ 45 پارچىسى ئاسترونومىيە ماتېماتىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك. بىرۇنى گالىلېيدىن 500 يىل ئىلگىرى دۇنيا قۇياشنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدۇ، دېگەن تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويغان.

فارابى- قاراخانىيلار خانلىقىغا تەۋە فارب شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، «دىۋانۇلئەدەب فى بايان لۇغەتۇلئەرەب» ناملىق بىر ئەرەبچە لۇغەت تۈزگەن. مەھمۇد كاشغەرى بۇ ئالىمنىڭ كىتاۋىدىن پايدىلانغان.

ھۈسەيىن خەلەپ كاشغەرى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئۇستازى، ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ

ئالىمى ۋە يازغۇچىسى ئىدى. بۇ ئالىم قۇرئاننى تەپسىر قىلىپ، ھەدىس شەرھلەپ ئەسەرلەرنى يازغان.

مۇھەممەد سەمەرقەندى تارىخچى ۋە يازغۇچى ئىدى. ئۇ «سىياسەتنىڭ ئاساسى ئۆلچەملىرى» ناملىق ئەسەر يېزىپ، قاراخانىيلار خانى تاۋغاچ خانغا تەقدىم قىلغان.

ئۇلاردىن باشقا قاراخانىيلار خانلىرىدىن بۇغراخان، ئەلى ئارسلانخان، يۈسۈپ قادىرخان، خىزىرخانلار ئەدەبىياتخۇمار شەخسلەردىن ئىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئالىملار ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ قوللانغان. فارابى، مەھمۇد كاشغەرى ئەرەبچە ئەسەر يازغان. تىلشۇناس جەۋھەرى (11- ئەسىر) تۈركى تىللىق خەلقلەردىن يېتىشىپ چىققان تىلشۇناس بولۇپ، (معجم تاج اللغة وصحاح اللغة) دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان.

# ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى ئەدىب فارابى

(870-950م)

فارابى (870-950) قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى شەھەرلىرىدىن بولغان بالاساغۇنغا قاراشلىق فاراب (ئوترار) شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن ۋە 80 يېشىدا دەمەشىق شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

فارابى نەسەب جەھەتتىن توققۇز ئۇيغۇر قارلۇق گورۇھىغا تەئەللۇق ئىدى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئەينى زاماندا ئەرەب ساياھەتچىلەر تەرىپىدىن «توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتىلىپ كېلىنگەن.

قاراخانىيلارغا قاراشلىق فاراب شەھىرىنى 893- يىلى سامانىيلار ئىگىلىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن فارابى ۋە كۆپلىگەن توققۇز ئۇيغۇر ئاھالىسى ئۆزلىرىنى سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىدىكى خاقانىيە ئاھالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا سەۋەب بولدى.

فارابى ئۆسمۈر چاغلىرىدا ئۆز يۇرتىدا ئۇيغۇر-قارلۇق يېزىقى ۋە مۇزىكىسىنى ئۆگەندى. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى توققۇز ئۇيغۇر تىلى سۈپىتىدە پۈتۈن تۈركىي تىل-ئەدەبىيات ۋە مائارىپىنىڭ ھۆلى ھېسابلىناتتى.

ئۇ تەخمىنەن 30 يېشىدا باغداتقا كەلدى، باغداد ۋە شامدا لوگىكا، پەلسەپە، ماتېماتىكا ۋە تىبابەت ئىلمىنى ئۆگەندى.

10-ئەسىرنىڭ باشلىرى باغداتتا شەرقنىڭ ئاتاقلىق پەيلاسوپى سۈپىتىدە ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ باردى.

فارابى 160 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان. فارابىنىڭ شېئىر، قاپىيە ۋە ئەدەب توغرۇلۇق كىتابلىرى بار.

## بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپ

(1019ـ1085م)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئاپتورى.

ئۇ قاراخانىيلارنىڭ ئىلگىرىكى پايتەختى بالاساغۇندا 1019~ 1020 يىللىرى دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 50 ياشلارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن كاشغەردە «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىنى تاماملىغان ۋە ئۇنى قاراخانىيلار ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان. بۇغراخان شائىرنىڭ داستانىنى كۆرۈپ، شائىرغا « خاس ھاجىپ» لىق مەرتىۋىسىنى بەرگەن. ئۇ ئوردىدا 20 يىل ئىشلەپ، 1085/ 1086 يىلى كاشغەردە ۋاپات بولغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تارىخ، پەلسەپە، دىنشۇناسلىق، دۆلەت، جەمئىيەتشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، مائارىپ، ئائىلە تۈزۈمى، تىبابەت، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، دىپلوماتىيە، تىل، ئەدەبىيات... قاتارلىق بىلىملەر ھەققىدە توختالغان.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، مەدەنىيەت دۇردانىسى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گەۋدىسىدۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» ھەجىم جەھەتتىن چوڭ، قۇرۇلمىسى كەڭ، مەزمۇنى مول بولغان ئەدەبىي ئەسەر. ئۇ 85 باب، 6645 بېيىت، 13290 مىسرادىن تەركىپ تاپقان.

ئۇنىڭدا گۈزەل ئەخلاق، ئالىيجاناب پەزىلەت، يۈكسەك ئەقىل- پاراسەت، بەخت- سائادەت، قانۇن، بىلىم، ئەخلاق، ئادالەت بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ئوخشاش قاراشلار نامايان قىلىنغان.

دۆلەتنى بىلىم- ئەقىل، قانۇن، ئادالەت ۋە ئەخلاق - پەزىلەت بىلەن ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان. بۇ داستانىڭ تىلىنى يۈسۈپ ئۆزى «خان تىلى»، «تۈركى تىلى» دەپ ئاتىغان. ئۇيغۇر تىلى شۇ زاماندا «خان تىلى»، «تۈركى

تىلى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. «قۇتادغۇبىلىك» خاقانىيە تىلىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسىدۇر. خاقانىيەنىڭ مەركىزى كاشىغەردە قەدىمكى مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى بار ئىدى. بۇ ئەنئەنىلەرنىڭ مەنبەسى ئورقۇندىن باشلانغان. قوچۇ- كاشىغەر زېمىنلىرىدا يىلتىز تارتقان ئىدى...

«قۇتادغۇبىلىك» تە 6000 دىن ئارتۇق تۆپ ۋە ياسالما سۆز بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئەرەب، پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر 500 ئەتراپىدا. قالغان سۆزلەر ئۇيغۇرچە سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» مىلادىيە 1069-1070-يىللىرى كاشىغەردە يېزىلغان. ئۇنىڭ ۋېنا، قاھىرە ۋە پەرغانە نۇسخىسى بار.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋېنا نۇسخىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا، قاھىرە نۇسخىسى ۋە پەرغانە نۇسخىسى خاقانىيە ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۆز دەۋرىدىمۇ، ھازىرمۇ چوڭ تەسىرگە ئىگە. ئەينى زاماندا بۇ كىتابقا قوشۇلغان بىر مۇقەددىمىدە مۇنداق دېيىلگەن:

« پۈتۈن مەشرىق ۋىلايىتى بىلەن پۈتۈن تۈركىستان ئەللىرىدە بۇغراخان تىلى ۋە تۈركى تىلى بىلەن ھېچكىم بۇ كىتابتىن ياخشىراق بىر كىتابنى يازغىنى يوق. بۇ كىتاب قايسى پادشاھ ياكى قايسى ئەلگە يەتسە، ئالىملار ئۇنى قوبۇل قىلىپ، تۈرلۈك ناملار بىلەن ئاتىغان.

«قۇتادغۇبىلىك» چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىياتى دەپ ئاتالغان يېڭى ئەدەبىيات نامايەندىلىرىنىڭ دۇنيا قارىشىغا روشەن تەسىر كۆرسەتكەن. ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئۇستازى سەئىدىدىن كاشىغەرى، سەككاكى، لۇتفى، ئاتايى، ئەلىشىر نەۋائى، سەئىدى، رەشىدى ۋە باشقا ئەدىبلەرنىڭ ھاياتى قاراشلىرىغا «قۇتادغۇبىلىك» بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

«قۇتادغۇبىلىك» تىن پارچە:

1. بىلىمنى بۈيۈك، ئەقىل ئىدراكنى ئۇلۇغ (نەرسە) دەپ بىل،
بۇ ئىككى نەرسە ئىنساننىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

2. ئەقىل -ئىدراك قەيەردە بولسا، ئۇلۇغلۇق بولىدۇ،
كىمدە بىلىم بولسا، ئۇ بۈيۈكلۈككە ئېرىشىدۇ.

3. بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كېسەل كېلىدۇ،

كېسەلنى داۋالىمىسا، ئادەم تېزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

4. يۇر، ئەي، بىلىمسىز كىشى، كېسەلىڭنى داۋالا.

ئەي ئالىم، بىلىمسىزلىكنىڭ داۋاسىنى ئېيتىپ بەر.

5. ئىككى نەرسە بىلەن ئادەم قېرىمايدۇ،

ئۇنىڭ بىرسى ياخشى قىلىق، يەنە بىرى ياخشى سۆزدۇر.

# تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى ۋە دىۋانۇ لۇغەت تۈرك

مەھمۇد كاشغەرى قاراخانىيلارنىڭ گۈللەنگەن مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى. مەشھۇر لۇغەت «دىۋانۇ لۇغەت تۈرك» يەنى «تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ ئاپتورى.

مەھمۇد كاشغەرى 1019- يىلى كاشغەر كونا شەھەر ئوپال يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ خان جەمەتىگە مەنسۇپ، ئۇنىڭ دادىسى قاراخانىيلارنىڭ خانى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ نەۋرىسى ئىدى. دېمەك، مەھمۇد كاشغەرى ئەمىردۇر، ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى مەھمۇد ئىبنى ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەد كاشغەرى.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئانىسى مەرىپەتلىك ئايال ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. مەھمۇد كاشغەرى مانا شۇنداق ئىقتىسادى شارائىتى ياخشى، ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە چوڭ بولغان. ئوتتۇرا ۋە ئالى مەلۇماتلارنى قەدىمى مەدەنىيەتلىك شەھەر كاشغەردە ئالغان. چۈنكى كاشغەر يىپەك يولىغا جايلاشقان مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن شەرقتىكى ئالى دەرىجىلىك مەشھۇر بىلىم يۇرتلىرىدىن بىرى ئىدى.

قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىدە، ئىلىم- پەن گۈللىنىشكە باشلىدى. بۇ دەۋردە كاشغەر، بالاساغۇن، سەمەرقەند، بۇخارا، فاراب قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەرنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى تەڭ سىستېمىلىق تەتقىق قىلىندى. فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مۇھەممەد بىننى ئەلكاشغەرى، ئىمادىن كاشغەرى قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار يېتىشىپ چىقتى. بولۇپمۇ بۇ دەۋردە باغداد ۋە بۇخارادىكى ئىلىم- پەن گۈللىنىشى كاشغەرگە يۆتكىلىپ، كاشغەر گۈللەنگەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەركىزىگە ئايلانغانىدى.

مەھمۇد كاشغەرى ئىسلام تارىخىنى، پەلسەپىنى، «قۇرئان»، «ھەدىس» لەرنى پۇختا ھەم چوڭقۇر ئۆگەنگەن. ئەرەب تىلى ۋە فارس تىلىنى پىششىق ئۆگەنگەن.

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەت تۈرك»نى يېزىش ئۈچۈن نۇرغۇن يۇرت ۋە ئەللەرنى كەزگەن. 15 يىل تەكشۈرۈش نەتىجىدە «دىۋانۇ لۇغەت تۈرك»نى يېزىپ

يۈتتۈرگەن.

ئاندىن بۇ ئەسەرنى باغداد خەلىپىسى ئابدۇللاھ مۇقتەدى بىئەمرۇللاھغا تەقدىم قىلغان. بۇ ۋاقىتتا باغداد سەلجۇقىلارنىڭ كونتروللۇقى ۋە ھامىيلىقىدا ئىدى. قاراخانىيلار خانىنىڭ قىزى تەركەن خاتۇن سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسى ئالىپ ئارسلان(1063ـ1072) نىڭ ئوغلى مەلىكشاھقا ياتلىق بولغان.

## دىۋان لۇغەت تۈرك ھەققىدە

«دىۋانۇ لۇغەت تۈرك» 9ـ ئەسىردىكى تۈركى تىللار ھەم ئۇيغۇر تىلى مەدەنىيىتى ھەققىدىكى قامۇستۇر. ئۇ مەزمۇن جەھەتتىن لۇغەت بولۇپلا قالماستىن يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، فولكلورى، ئېپوسلىرى، ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتى ھەققىدىكى مول مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەزىنە.

بۇ ئەسەر ئۈچ توم قىلىپ نەشر قىلىنغان. 1072ـ يىلى باغداتتا تاماملانغان. ئۇنى ئاbbاسىيلار خەلىپىسى مۇقتەدىگە تەقدىم قىلغان.

«دىۋانۇ لۇغەت تۈرك»نىڭ يېزىلىش سەۋەبى مۇنداق. 1050ـ يىللاردىن باشلاپ، ئەرەب ئىمپېرىيىسى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، باغداتتا تۈركي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەسىرى كۆچىيىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن «تۈركي تىلى ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقان» ھالەت شەكىللەندى. مەھمۇد كاشغەرى، ئەرەبلەرنىڭ «ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن ئۇلارغا تۈرك تىلىدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق» ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ «دىۋان»نى يېزىپ چىققان.

# ئۇيغۇر ئالىمى ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى

(1110-1180م)

ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى. ئۇ ئەدىب ئەھمەد ياكى ئەھمەد يۈكنەكى دەپ ئاتالغان. ئەھمەد يۈكنەكى 1110-1180 -يىللىرى ئارىسىدا ياشىغان.

ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق يېگانە ئەسىرى بار. ئۇ ئەسەرنىڭ يەنە «ھىبەتۇلھەقايىق» دېگەن نامىمۇ بولغان.

ئەھمەد يۈكنەكى غەربىي قاراخانىيلار دىيارىدىكى «يۈكنەك» جايىدا تۇغۇلغان. بۇ ئورۇن بۈگۈنكى سەمەرقەنت يېنىدىكى «ئاغنەك» ياكى تۈركىستان «يەسسە»نىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى«يۈكنەك»ئېگىزلىكىدە ئىكەنلىكىگە نىسبەت بېرىلىدۇ.[1]

ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا شائىر قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ياشىغان. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاراخانىيلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن ۋەكىل خاراكتېرلىك مەشھۇر داستان.

بۇ ئەسەر قاراخانىيلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى كۈنسېرى گۈللىنىۋاتقان ئۇيغۇر - ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان تارىخىي ئەھمىيەتلىك داستان.

ئەسەر 14 باب، 484 مىسرادىن تەركىب تاپقان. باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئىلاۋە بىلەن مىسرا سانى 512 مىسراغا يەتكەن.

ئەسەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى بولغان "قۇتادغۇبىلىك"نىڭ تىل، مەزمۇن ۋە ئۇسلۇبىنى ئۈلگە قىلىپ، ساپ قەشقەر (خاقانىي) تىلىدا يېزىلغان.

ئەدىب ئەھمەدتىن كېيىنرەك ئۆتكەن ئەمىر ئارسلان خوجا دېگەن كىشى ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا يازغان ئىلاۋىسىدە مۇنداق دېگەن:

ئەگەر بىلسە كاشغەر تىلىن ھەر كىشى،

بىلۇر ئول ئەدىبنىڭ ئەكىم ئايتمىشى.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىكى ئەدەبىياتىنى

ئۆگىنىشتە قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. شۇنداقلا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىلەن كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئالاقىسى، ئۆزگىرىش جەريانىنى بىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەدىب ۋە شائىر ئەھمەدنىڭ قاراشلىرىدىن مىساللار:

41. سۆزۈمگە بىلىمدىن ئاساس سالىمەن،
ئەي دوستۇم، بىلىملىككە ئۆزۈڭنى باغلا،
سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ،
بىلىم ئال، سائادەت يولىنى ئاچ.

42. بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىناردۇر،
بىلىمسىز نادانلار قىممەتسىز ياماقتۇر.

44. ئادەم بىلىمى بىلەن تونۇلىدۇ،
بىلىمسىزلەر تىرىك تۇرۇپ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ.
بىلىملىكلەر ئۆلسىمۇ، نامى تىرىك بولىدۇ،
بىلىمسىزلەر تىرىك بولسىمۇ نامى ئۆلۈك بولىدۇ

45. بىر بىلىملىك مىڭ بىلىمسىزگە تەڭ كېلەلەيدۇ،
تەڭلەشتۇرگەندە، بىلىمنىڭ سالمىقى ئايان بولىدۇ.
ئەمدى ئەقلىڭ بىلەن بايقاپ كۆرگىن،
بىلىمدىن پايدىلىق يەنە قانداق نەرسە بار.

46. ئالىملار بىلىم بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى،
بىلىمسىزلىك ئەرنى يەرگە چۆكۈردى.
بىلىمنى زېرىكمەي ئىزدە، شۇنى بىلگىنكى،
ھەق رەسۇل: «بىلىم جۇڭگودا بولسىمۇ ئىزدەڭلار» دېگەن.
(لېكىن) نادانلىق يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدىغان كىردۇر.

ئەدىب ئەھمەد بىر يۈكنەكى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلىم - پەن بىلىملىرىدىن تولۇق

خەۋىرى بار، شەرق مەدەنىيىتى جۇملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئىلىم-بىلىمنى قورال قىلىپ كۆرەش قىلغان ئۇلۇغ ئالىم فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقىرىدەك ئۇلۇغ ئەدىب، مۇتەپەككۇر، ئۇلۇغ شائىر.

قىسقىسى، داستان پۈتكۈل تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخىدا جۇملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ۋە يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. تىل، ئەدەبىيات، تارىخ تەتقىقاتى ئۈچۈن بىرىنچى قول ماتېرىيال بولالايدۇ. ئېلىمىز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى ئېسىل مەدەنىي يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ.

## ئەھمەد يەسەۋى

(1006ـ1116م)

ئەھمەد يەسەۋى (1006ـ 1116) ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە ئىدىيە تارىخىدىكى مۇھىم شەخس.

يەسەۋى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قوشاق شەكلى بىلەن سوپىزم ئىدىيىلىرىنى تۈنجى بايان قىلىپ، دىنىي مەزمۇندىكى ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم بىر ئۈلگىسىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ساپ ئۇيغۇر جانلىق خەلق تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بۇغراخان تىلى بىلەن «چاغاتاي ئەدەبىياتى» نى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرىدۇر.

يەسەۋى تەخمىنەن 11ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىيلارغا قاراشلىق يەتتىسۇ ۋىلايىتىدىكى سايرامدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئىبراھىم يەسسىي دېگەن كىشى، ئانىسى قاراچاچ ئانا دېگەن ئايال ئىدى.

يەسەۋىنىڭ بالىلىق چاغلىرى سايرامدا ئۆتتى. ئۇ دەسلەپتە پەرغانىدە تەربىيە ئالدى. ئاندىن بۇخاراغا بېرىپ مەشھۇر سوپىزم شەيخى يۈسۈپ ھەمەدانىدىن تەلىم ئالدى. يۈسۈپ ھەمەدانى ۋاپات بولغاندىن كېيىن بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىدا خەلىپىلىك قىلىپ داڭ چىقارغان. يەسەۋى ئۆز يۇرتىدا ـيەسەۋىدە (تۈركىستاندا) 1116ـ يىلى ۋاپات بولغان.

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس»، «نەسائىمۇل مۇھەببەت» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئۇچۇر قىلىنىشىچە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىيات كىلاسسىكلىرىدىن شەيخزادە ئاتايى ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئاتايىنىڭ ئوغلى ھېسابلانغان.

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ سوپىزملىق ئىدىيىسى ئۇنىڭ «دىۋانى ھىكمەت» ناملىق ئەسىرىدە مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. «دىۋانى ھىكمەت» جانلىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بويىچە يېزىلغان تەسەۋۋۇپ دەستۇرىدۇر، ئۇنى ئەدەبىيات ھەم پەلسەپە ئىدىيە ئۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش مۇمكىن.

ئەھمەد يەسەۋى دۇنيانىڭ ماھىيىتى ئىنساننىڭ ماھىيىتىدۇر. ئىنساننىڭ ماھىيىتىمۇ دۇنيانىڭ ماھىيىتىدۇر. ئىنساننىڭ ياشاشتىن مەقسىتى مۇشۇ ماھىيەتنى بىلىش، ھەقىقەتكە ئېرىشمەك، دەيدۇ.

شەرق ئويغىنىش ھەرىكىتىدە، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە، تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەن ئەڭ مەشھۇر زاتلارنىڭ بىرى ئەھمەد يەسەۋى بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر تەسەۋۋۇپ دۇنياسىدا ئۆز ئالدىغا «يەسەۋىيە» دىن ئىبارەت خاس سۇلۇكنى مەيدانغا كەلتۈردى.

## مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، داڭلىق پېداگوگ ۋە يازغۇچى سىراجىدىن ئەبۇ ياقۇپ يۇسۇپ ئىبىن ئەبۇ بەكرى ئەلخارەزمى سەككاكى

(1228-1160)

سەككاكى خارەزمدە تۇغۇلغان ۋە ئالمىلىق(ئىلى) دا ۋاپات بولغان.

سەككاكى ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا ئىلىم-پەنگە ئىشتىياق باغلاپ تىرىشىپ ئۆگەنگەن. دىنىي ئىلىم، تىل-ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمىي نۇجۇم، تىبابەت ئىلمى قاتارلىق پەنلەردە كامالەتكە يەتكەن. ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا پارس، ئەرەب تىللىرىنىمۇ پۇختا ئىگىلىگەن. مۇزىكا ساھەسىدىمۇ ئۆز ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ «بايات» مۇقامىنى ئىجاد قىلىپ «9 -ئۇستاز» دەپ شۆھرەت قازانغان.

چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا جايلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلاردا دۆلەتنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىنى بېجىرىشكە ئۇيغۇرسىياسەتچىلىرى، ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر ۋە مەدەنىيەت مائارىپ ئەربابلىرىنى قويغان، شۇ چاغدىكى چاغاتاي خانىغا مەسلىھەتچى بولغانلار ئىچىدە يۇسۇپ سەككاكىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىجتىھات قىلىشى ئارقىسىدا چاغاتاينىڭ ئوردىسى جايلاشقان ئالمىلىقتا ھەر-خىل مەكتەپلەر ۋە ئالىي بىلىم يۇرتلىرى تەسىس قىلىنىپ، مائارىپ ئىشلىرى زور تەرەققى قىلغان. قەشقەر، بۇخاراغا ئوخشاشلا ئالمىلىقمۇ ئاسىيا بويىچە ئىلىم-پەن مەركەزلىرىگە ئايلانغانىدى.

سەككاكى ئوردا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردە بىر تەرەپتىن بىلىملىك كىشىلەرنى ئالمىلىققا توپلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپ ئېچىشقا پائال يېتەكچىلىك قىلغان. بىر تەرەپتىن دەرس ئۆتسە، يەنە بىر تەرەپتىن دەرسلىك تۈزۈپ چىققان. ئۇنىڭ «مىفتاھۇل ئۇلۇم»ناملىق ئەسىرىدە تىل-ئەدەبىيات، لوگىكا، ئىستېتىكا، پەلسەپە، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تارىخ، تىبابەت ئىلمى، مۇزىكا ئىلمى قاتارلىق 13تۈرلۈك ئىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئەسەر مەزمۇنىنىڭ كەڭ ھەم چوڭقۇرلۇقى، قايىل قىلىش كۈچىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدا قىممەتلىك مەدەنىي مىراس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى ئۈچمەس يۇلتۇزلار» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

# ناسىرىددىن رابغۇزى

## رابغۇزى ۋە «قىسسەسۇل رابغۇزى»

## (1279-1351م)

رابغۇزى تەخمىنەن 1297-1351-يىللىرى ياشىغان. ئۇنىڭ ئىسمى ناسىر) ياكى ناسىردىن)، ئاتىسىنىڭ ئىسمى بۇرھانىدىن، رابغۇزى تەخەللۇس دەپ قارىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئانا يۇرتى كاشغەر دەپ قارايدىغانلار بار. بەزىلەر كاشغەر شەھىرىنىڭ شىمالىغا ئۈچ كىلومېتىرچە كېلىدىغان يەردىكى ئۇتۇركىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان «قاراخان پادىشاھىم مازىرى» نىڭ يېنىدىكى «رابات مەسچىت» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمما ئۇ ئۆمرىنىڭ قىرانلىق چاغلىرىنى خارەزىمدە ئۆتكۈزگەن.

رابغۇزى مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتىنى، پەلسەپىسىنى، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن يەنە تارىخقىمۇ قىزىققان.

بۇ ئەسەر ھىجرىيىنىڭ 710-يىلى، يەنى مىلادى 1311-يىلى 2-ئايدا يېزىلغان.

«قىسسەسۇل رابغۇزى» مەيلى تىل تەتقىقاتى ياكى ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەھەتتىن بولسۇن، پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر تارىخىي يادىكارلىق.

«قىسسەسۇل رابغۇزى» يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك 14-ئەسىرنىڭ بېشىدا يېزىلغان ئەسەر بولغاچقا، ئۇنىڭدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئامىللىرى ساقلىنىپ قالغاندىن باشقا،چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى ئامىللىرىمۇ شەكىللىنىشكە باشلىغان.

بۇ ئەسەر ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىدا ھەجمى ئەڭ چوڭ ئەسەردۇر. مۇتلەق كۆپ ساندىكى قولىيازما نۇسخىلىرى 250 ۋاراق 500 بەت ئەتراپىدا بولۇپ، ھەربىر بەتكە 21 قۇر خەت يېزىلغان.

ئەسەردە » قۇرئان « دىن نۇرغۇن ئايەتلەر نەقىل كەلتۈرۈلگەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تەرجىمىسى قوشۇپ بېرىلگەن. شۇڭا ئۇ بىزنى تەرجىمە تەتقىقاتى جەھەتتىنمۇ، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق جەھەتتىنمۇ تىل ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ ئەسەر ئادەتتە ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ باشلىنىش دەۋرىنىڭ سىمۋولى دەپ قارالماقتا.

# 15-ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى ئاتائى

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا پەخىرلىك ئورۇن تۇتقان مەشھۇر شائىر ئاتائى دۇنياۋى ئەدەبىيات ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان.

ئاتائىنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇماتلار يوق. بەزى مەنبەلەر ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى 15- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ بۇ سەمەرىلىك ئىجادىي دەۋرىنى مەلۇم تارىخىي سەۋەبلەر بىلەن سەمەرقەند، ھېرات ۋە بەلخ شەھەرلىرىدە ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ غەزەللىرى ئىچىدىكى ئايرىم مىسرالار بۇ پىكىرنى دەلىللەيدۇ. ئەلىشىر نەۋائىيمۇ «مەجالىسۇن نەفائىس» دېگەن ئەسىرىدە ئاتائى توغرىلىق قىسمەن مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇرغان. بىز نەۋائىينىڭ بۇ ئەسىرىدىكى قىسقىلا مەلۇماتىدىنمۇ ئۇنىڭ بەلخ شەھىرىدە تۇغۇلغانلىقى، ئەھمەت يەسەۋىنىڭ قېرىندىشى ئىسمائىل ئاتىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئاتائىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە «ئاتائى» تەخەللۇسىنى قوللانغانلىقىمۇ ئۇنىڭ شەيخلەر نەسەبىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئاتائى ئۆز ئانا تىلى يەنى ئۇيغۇر تىلىدا تەسىرلىك لىرىك غەزەللەرنى يازغان تالانتلىق سۆز ئۇستىسىدۇر. ئۇنىڭ نامى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا غەزەلچىلىكنى باشلاپ بەرگەن ۋە ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزگەن لۇتفى، سەككاكى، نەۋائىلارنىڭ نامى بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنىدۇ. شائىرنىڭ ئىجادىيىتى ئاساسەن غەزەلدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ غەزەللىرى ھېسسىياتقا باي بولۇپ، ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە.

ئاتائى غەزەللىرى شېئىرى شەكىل ۋە تىل ئۇسلۇبى جەھەتتە خەلق ئېغىز ئىجادىغا، بولۇپمۇ خەلق قوشاقلىرىغا تولىمۇ يېقىن. «دىۋان شەيخزادە ئاتائى» دىكى 260 پارچە غەزەلنىڭ 100 پارچىدىن ئارتۇقراقى ئەسلىدە تۈركىي خەلق قوشاقلىرىنىڭ ۋەزنىدە يېزىلغان.

ئاتائى غەزەللىرىدە كۆزگە چېلىقىدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ساپ ۋە نەپىس ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان.

# مەۋلانە سەككاكى

(1468-1410)

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى ئىچىدە لىرىك شائىر مەۋلانە سەككاكى مۇتىۋەر ئورۇنغا ئىگە ئىدى. نەۋائى ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇننەفائىس»، «مۇھاكىمەتۇللۇغەتەين» ناملىق ئەسەرلىرىدە مەۋلانە سەككاكىنى قايتا-قايتا تىلغا ئالغان.

نەۋائى سەككاكىنى:«ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ چىچەنلىرىدىن بىرى»، «سۆز سەنئىتىدە كامالەتكە يەتكەن پاساھەتلىك شائىر» دەپ يۇقىرى باھالىغان.

نەۋائى «خەزائىنۇلمەئانى» ناملىق ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە:«ئۇيغۇرلارنىڭ پاساھەتلىك، يېتىلگەن شائىرلىرىدىن لۇتفى، سەككاكى، سۆھەيلىلەرنىڭ ماڭا ئۇستازلىق ياردىمى كۆپ ئىدى» دەپ تىلغا ئالىدۇ.

ھازىرغىچە مەۋلانە سەككاكىنىڭ شەخسى ھايات-پائالىيىتى توغرىسىدا روشەن مەلۇمات يوق. ئەلشىر نەۋائى ۋە يەقىنىنىڭ ئېيتقانلىرىغا قارىغاندا سەككاكى ماۋارە ئۇننەھر- توركىستان رايونىدا تۇغۇلغان. ئۆز زامانىنىڭ ئىلمى دەرىجىسى بويىچە مەۋلانە- ئالىملىق سەۋىيىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان.

مەۋلانە سەككاكىنىڭ قاچان ئىمە سەۋەپتىن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى نامەلۇم.

مەۋلانە سەككاكىنىڭ «دىۋانى سەككاكى» ناملىق بىر شېئىرلار توپلىمى بار. بۇ دىۋاننىڭ ئەسلى نۇسخىسى بېرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

مەۋلانە سەككاكى ئۆز لىرىكىلىرىدا ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى مەجازى ۋاستىلەر شەكلىگە كىرگۈزۈپ ئىپادىلەشكىمۇ ماھىر ئىدى.

مەۋلانە سەككاكى شېئىرلىرى مەۋلانە لۇتفى، ئەلشىر نەۋائى، سەئىدى، رەشىدى ۋە باشقا ئۇيغۇر شائىرلىرى شېئىر بالاغىتىنىڭ كامال تېپىشىغا، بولۇپمۇ ئەلشىر نەۋائىنى ۋەكىل قىلغان يېڭى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى سارىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تىل، پىكىر ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتە ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

# شائىر ئەبەيدۇللا لۇتفى

(1366-1465)

مەۋلانە لۇتفى 1366-1465 خۇراسان رايونىدا ئۇيغۇر-تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ قايتىدىن جانلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا بايراقدار بولغان چوڭ شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر شېئىرىيەت سەھنىسىدە «لۇتفى» تەخەللۇسى بىلەن شۆھرەت قازانغان. يەنە مەنبەلەردە «مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى» دېگەن نام بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. كۆپچىلىك ئىلمىي خادىملار لۇتفىنى كاشغەردىن بولسا كېرەك دەپ يېزىشىدۇ. يەنە بەزىلەر، شائىرنىڭ:

يالغۇز ھىردا يوق كىم، ئانىڭ زۇلفى ۋەسفىدە،

شېئىرنىڭ شائىرى، لۇتفى، خىتاۋۇ خوتەندە بار.

دېگەن شېئىرىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنى خوتەنلىك دەپ قارىشىدۇ. ئەمما، شائىر ئۆمرىنى ئاساسەن خۇراسان ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى ھىراتتا ئۆتكۈزگەن.

تارىخىي ماتېرىياللاردا لۇتفىنىڭ پارس-تاجىك تىلى ۋە ئۇيغۇر-تۈركىي تىلىدا 20 دىن ئارتۇق ئەسەر يازغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئەمما كېيىنكى كىشىلەر ئۈچۈن «دىۋانى لۇتفى» ناملىق لىرىك شېئىرلار توپلىمى «گۈل ۋە نەۋرۇز» ناملىق داستانى، "مەشھۇنۇلھەقايىق" (ھەقىقەتلەر شەرھى) ناملىق ئەسىرىلا ساقلىنىپ قالغان.

ئۇ يەنە شەرىفىدىن ئەلى يەزد يازغان«زەپەرنامە » ناملىق تارىخىي ئەسەرنى ئۇيغۇر - تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. لۇتفى ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك ئالىمى ۋە «تۈركىگۈيى» (تۈركىي تىلىنىڭ ماھىرى) ئىدى. تۆمۈرلەر دەۋرىدىكى ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرلار، ھەتتا ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائىدەك ئەربابلارمۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى زور ھۆرمەت بىلەن قارايتتى ۋە ئۇنى مەدھىيىلەيتتى. شۇڭا نەۋائى ئۇنى دەۋرىنىڭ «مەلىكۇلكالامى» (سۆز پادشاھى) «ئۇيغۇر ئىبارىتىنىڭ فۇسەھاسى، تۈرك ئەلپازىنىڭ بۇلەغاسى» دەپ ئاتىغانىدى. يەنە » فەسىھ ۋە بەلىغ) ئۆتكۈر ۋە گۈزەل (ئەدىب»، «ئەزىز ۋە تەۋەررۇك كىشىمىز» دەپ باھا بەرگەنىدى.

لۇتفىنىڭ ئەسەرلىرى خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارالغان. ئۇيغۇر«12 مۇقام» نىڭ تېكىستلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ غەزەللىرىنىڭ بولۇشى يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

# ئۇيغۇر ئالىمى ئەدىب ۋە شائىر ئەلىشىر نەۋائى

(1501-1441)

ئەلىشىر نەۋائى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات تارىخىدا قاراخانىيلاردىن كېيىنكى گۈللىنىش دەۋرىنىڭ ۋەكىلى، شەرق ئۇيغىنىش دەۋرىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىن بارلىققا كەلگەن نامايەندىسى، ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك مۇتەپەككۇر، ئەدەبىياتشۇناس، تىلشۇناس، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، پەن - مەدەنىيەت ئەربابى، ئۇلۇغ شائىر.

نەۋائى 1441 - يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى خوراسان ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى ھېراتتا غىياسىددىن باخشى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

غىياسىددىن باخشىنىڭ ئەسلى يۇرتى توغرىسىدا بىرقانچە خىل قىياس بار.

بىرىنچى، غىياسىددىن قارا خانىي ئۇيغۇرلىرىنىڭ فەرغانەدە تۇرغان ئۇرۇق جەمەتلىرىنىڭ پۇشتى بولىشى مۇمكىن. ئىككىنچى، سەئىددىددىن كاشغەر قاتارلىق كىشىلەر كاشغەردىن فەرغانە بوستانلىقىغا كۆچ-كۆچ قىلغاندا، غىياسىددىنمۇ كاشغەر تەرەپلەردىن كۆچۈپ كەتكەن بولىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى، غىياسىددىننىڭ ھۆرمەت تەخەللۇسى بولغان«باخشى» ئاتالغۇسى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئالاھىدە ئومۇملىشىپ، ئۇيغۇر ئۆلىما زىيالىلىرىغا خاس نام-ئاتاققا ئايلىنىپ قالغانلىق ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، غىياسىددىننى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادى بولسا كېرەك دېگەن قاراش كېلىپ چىقىدۇ.

مەيلى، نېمىلا بولمىسۇن، «تارىخى رەشىدى» دىكى بايانغا ئاساسلانغاندا غىياسىددىن ئۇيغۇر قوۋمگە مەنسۇپ ئادەم ئىدى.

ئۇ شېئىرىيەت ساھەسىگە 15 - 16 يېشىدىن باشلاپ كىرىشكەن ھەم ئىككى تىلدا شېئىر يېزىپ «زۇللىسانەين» (ئىككى تىللىق شائىر) دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغان. ئۇ تۈركىي تىلدىكى شېئىرلارنى نەۋائى تەخەللۇسى بىلەن، پارسچە شېئىرلىرىنى فانى تەخەللۇسى بىلەن يازغان.

نەۋائى ساۋاقدىشى ھۆسەيىن بايقارا تەرىپىدىن 1472 - يىلى ھېراتتا، ئوردىدا دىۋان بەگلىكىگە تەيىنلەنگەن. نەۋائى ئوردىدىكى پىتنە - پاسات تۈپەيلى 1476 -

يىلى خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەن ھەم 11 يىلغىچە دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلاشماي ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن قىزغىن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەسەرلىرى دەل مۇشۇ چاغلاردا يېزىلغان.

نەۋائىي ئاخىر كېسەل سەۋەبىدىن 1501- يىلى 1- ئاينىڭ 3-كۈنى ھېرات شەھىرىدە 60 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

نەۋائىي تۈركىي تىلدا ھەم پارس تىلىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ 60 يىللىق ھاياتىدا 30 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان.

ئەلشىر نەۋائىي قانچە پارچە ئەسەر يازغانلىقى توغرۇلۇق ئوخشىمىغان قاراش بار. 19 -ئەسىردە ياشىغان خوتەنلىك ئالىم مۆجىزى 1854- 1855 - يىلى يازغان كىتابىدا 63 پارچە كىتاب يازغان، دېگەن ئۇچۇرنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

زەھىرىدىن مۇھەممەت بابۇر ئۆز دەۋرىدىلا نەۋائىي ھەققىدە مۇنداق قۇرلارنى يازغانىدى: «ئەلشىر بەگ تەڭدىشى يوق ئادەم ئىدى. تۈركىي تىلدا شۇنداق شېئىرلارنى يېزىپتۇكى، ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك كۆپ ھەم ياخشى يازغان ئەمەس...» ئەلشىر نەۋائىينىڭ ۋاپاتىدىن يېرىم ئەسىر كېيىن، تارىخچى ۋە دۆلەت ئەربابى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر ئۆزىنىڭ «تارىخي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «مىر ئەلشىر، ئۇنىڭ تەخەللۇسى نەۋائىدۇر، ئۇنىڭدىن ئاۋۋال ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم تۈركىي تىلدا ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋە ئۇنىڭدىن يۈكسەكرەك شېئىر يازالىغان ئەمەس. نەۋائىي بۇ ھۈنەردە ئۇستادۇر ۋە ئۇنىڭ تۈركىي شېئىرلىرى موللا «ئابدۇراخمان جامى» نىڭ فارسى شېئىرلىرى بىلەن تەڭ شۆھرەتكە ئىگىدۇر.

## «خەزائىنۇلمەئانى»

«خەزائىنۇلمەئانى» گە لىرىك ژانىرىنىڭ 16 خىل شەكلىدىكى شېئىرلار كىرگۈزۈلگەن. ئەسەردە 3132 پارچە لىرىك شېئىر بار بولۇپ، جەمئىي 45 مىڭ مىسرادىن تەشكىل تاپقان. ئەسەردىكى 16 خىل شېئىرىي شەكىل ئىچىدە غەزەل ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا جەمئىي 2600 غەزەل بار.

«خەزائىنۇلمەئانى» -يۈكسەك ئىدىيۋىلىككە ۋە بەدىئىيلىككە ئىگە لىرىك شېئىرلاردىن تەشكىل تاپقان ئەسەر. ئۇنىڭدا سۆيگۈ ۋە ساداقەت، ۋىسال ۋە ھىجران، ۋاپا ۋە دوستلۇق، شەپقەت ۋە مەرھەمەت، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت، مېھنەت ۋە مەرىپەت، ئەدەپ ۋە ئەخلاق... قاتارلىق مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن.

## «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»

«مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» (ئىككى تىل توغرىسىدا مۇھاكىمە). بۇ ئەسەر 1499- يىلى يېزىلغان. ئەسەردە تۈركىي تىل بىلەن پارس تىلى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىنغان. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن نادىر بەدىئىي ئەسەرلەرنى ياراتقىلى بولىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن ۋە بۇ ئارقىلىق نەۋائىينىڭ ئانا تىلىنى ۋە ئەدەبىياتىنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن.

# تارىخشۇناس ۋە ئەدىب مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر

(1500ـ1551م)

مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر يەركەن خانلىقىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە مەدەنىي ئىشلىرىغا كۆرنەرلىك ھەسسە قوشقان ئاتاقلىق زات. ئۇنىڭ تولۇق نامى مۇھەممەد ھۈسەيىن گورگانىنىڭ ئوغلى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر گورگانى. ئادەتتە مۇھەممەد ھەيدەر ياكى مىرزا ھەيدەر دېيىلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا كىتابىدا مۇنداق يازغان. «مېنىڭ جەمەتىم دوغلات موگۇللىرىنىڭ بىر تارمىقى»، «ئەقىللىق كىتابخانغا شۇنى خىتاب قىلىمەنكى، كەمىنە مۇئەللىپ ئاللاھنىڭ مۆمىن بەندىسىدۇرمەن، نام شەرىپىم مۇھەممەد ھەيدەر بولىدۇ، يىراق يېقىنلىرىمنىڭ ھەممىسى مىرزا ھەيدەر دەپمۇ ئاتىشىدۇ».

مىرزا ھەيدەر كاشغەرلىك ئىدى. ئۇ ئانا تەرەپتىن چاغاتاي خانلىرىدىن يۇنۇسخانىنىڭ نەۋرىسى، ئاتا تەرەپتىن بولسا دوغلات قەبىلىسىگە تۇتىشىدۇ.

1553 ـ يىلى، سەئىدخان ئۆلگەندىن كېيىن، ھىندىستانغا ھىجرەت قىلىپ، بابۇر شاھنىڭ ئوغلى ھۇمايۇن شاھنىڭ ئوردىسىدا يۇقىرى مەنسەپكە ئىگە بولدى. 1541 ـ 1551 يىلىغىچە كەشمىردە ئالاھىدە بىر ھۆكۈمەت قۇرۇپ تۇرۇپ قالدى. لېكىن 1551 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، كەشمىرگە تەۋە بېربال دېگەن جايدا توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدىن باشقا «جاھاننامە» ناملىق بىر داستانى بار. مىرزا ھەيدەر يالغۇز دۆلەت ئەربابى، ھەربىي قوماندان ۋە تارىخشۇناس، ئەدىب بولۇپلا قالماستىن، ماھىر ئاتىق ئادەم ئىكەن.

« تارىخي رەشىدى »

مىرزا ھەيدەر كەشمىردە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە مەشھۇر ئەسەر «تارىخي رەشىدى» نى يېزىپ چىقتى. ئۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە بىر قىممەتلىك ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.« «تارىخي رەشىدى» توغلۇق تۆمۈرخان (1330 ـ 1363) دىن ئابدۇرەشىتخان زامانىسى يەنى 1545 ـ يىلىغىچە بولغان تارىخي ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بېرىشكە بېغىشلانغان.

«تارىخي رەشىدى » نى بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە قارىغىنىمىزدا ئۇنى ئىككى ئەسىرلىك ۋەقەنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىككى توملۇق داستان دېيىش مۇمكىن.

# شائىر مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى

(1730-1638)

شائىر مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى (مىلادىيە 1638 ـ 1730) ئاقسۇ ناھىيىسى ناھىيىسى بولۇپ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرى، خوجىلار زامانىسىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىدا ياشىغان.

مۇھەممەدنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى داۋاملىق ئوقۇتۇشقا كۆپ كۈچ چىقارغان. ئۇ ئاقسۇ، قەشقەر، بۇخارا قاتارلىق ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك مەدرىسلەردە بىلىم تەھسىل قىلىپ ئۇيغۇر، جۈملىدىن شەرق مۇسۇلمان ئەللىرى ئەدەبىياتى، پەلسەپە، مەنتىق، فىقھى قاتارلىق ئىلىملەرنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەن. ئۆز يۇرتىغا كەلگەندىن كېيىن ئىماملىق ۋە مۇدەررىسلىك بىلەن شۇغۇللانغان.

مۇھەممەد بۇخارادا فىقھى، ئىسلام پەلسەپىسىگە دائىر يىرىك مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىپ، مەكتەپداش تالىپلار ۋە مۇدەررىسلەر ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلغان. ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن دىنىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئىلمىي-ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مۇھەممەد «خاراباتى» تەخەللۇسى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى»، «مەسنەۋى خاراباتى» نامىدا توپلام قىلىنغان. ئالدىنقىسى 13 مىڭ مىسرا ھەجىمدە بولۇپ، شائىر 88 ياشقا تولغاندا توپلام قىلىنغان.

شائىرنىڭ «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن:

ھەممىسى بىر ـبىرىنىڭ قەستىدۇر،

تىق- زەھەر ئالۇدئانىڭ دەستىدەدۇر.

ھېچ كىشى قورقماس كىشى ھەققىدىن،

پادىغە يەتمەس ھەقىقەت قەھرىدىن.

## شائىر مەھزۇن

شائىر مەھزۇننىڭ ئۆز ئىسمى ئىسمائىل بولۇپ، مەھزۇن ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىدۇر. شائىر 17-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوتەندە تۇغۇلغان. شائىرنىڭ «دىۋانى مەھزۇن» ناملىق دىۋانى بار. بۇ دىۋان 1805 مىسرا شېئىردىن تەركىپ تاپقان.

شائىر خوتەننى ئەسلەپ مۇنداق يازىدۇ:

مەھزۇن خوتەنگە ئالتە شەھەردىن چاھارباغدىن،
مەقامى ئەسلىغە يان، ئۆز دىيارى خوپ.
گويا جەننەتكە دەۋزەختىن چىقىپ كىرگۈچە يار،
ئۆز دىيارىمغە ئەگەر يەتسەم بۇ غۇربەت شەھەردىن.

## ئەدىب نەۋبەتى

(1691-1760م)

شائىر نەۋبەتى خوتەن شەھرىدە 1691-يىلى تۇغۇلغان. 15 ياشلارغا كىرگەندە يەركەن ئارقىلىق كاشغەرگە كېلىپ، داڭلىق مەدرىسلەردە ئوقۇغان. كاشغەردە بىلىم ئالغاندىن كېيىن يەنە خوتەنگە قايتىپ كەتكەن. شائىر نەۋبەتى «دىۋان نەۋبەتى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى يېزىپ قالدۇرۇپ، 1760- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۆرنەك:

ئەي يارەنلەر، بىر ئۆلۈرمىز يادىكار قالدى كالام،
كىشىدىن قالغاي جاھاندا بىر نىشانە ياخشى نام.
ئاشىق كىشىگە جامال جانانە كېرەك،
زاھىدلارغا باغ بوستانە كېرەك.

# ئەدىب مۇھەممەد سادىق كاشغەرى

(1725 ـ 1849)

مۇھەممەد سادىق كاشغەرى مەشھۇر ئالىم، ئەدىب، تارىخشۇناس، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ئەرباب، سادىقى كاشغەردە موللا شاھ ئەلا ئاخۇن ئىسىملىك بىر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئىسمى موللا مۇھەممەد سادىق كاشغەرى بولۇپ، ئادەتتە مۇھەممەد سادىق ياكى مۇھەممەد سادىق كاشغەرى دېمۇ قوللىنىلىدۇ. ئەدىب شېئىرلىرىدا «سادىقى» دېگەن ئىسمىنى ئەدەبىي تەخەللۇس سۈپىتىدە قوللانغان.

سادىقى باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئائىلىسىدە ئاتىسىدىن ئالغاندىن كېيىن كاشغەردىكى «مەدرىسەئى ھامىدىيە» ناملىق ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، تۈرلۈك ئىلىملەر بويىچە يۇقىرى مەلۇمات ئالىدۇ. ئوقۇشنى تاماملاپ، كاشغەر خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە تەيىنلىنىپ، بىر مەزگىل ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. كۆپ ئۆتمەي، كاشغەر شەرئى مەھكىمىسىنىڭ باش قازىلىقىغا تەيىنلىنىپ، شەرىئەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

ئالىمنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر تۆھپىسى شۇكى، ئۇ ئەجدادلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، چەكسىز پەخىرلىنىپ تۇرغان. ئۇ قىممەت باھالىق «مەسنەۋى شېرىپ» ناملىق كىتابىغا ئالتۇندەك «ھەدىيەنامە» يېزىپ، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ كاشغەر قەبرىسىگە ۋەخپە قىلغانلىقى بۇنىڭ جانلىق پاكىتى.

«مەسنەۋى شېرىف» كىتابىنىڭ مۇقاۋىسىغا ھىجرىيە 1252 ـ يىلى(مىلادى 1836 ـ 1837 ـ يىللار) «قەلەم ئىگىسى بولغان مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مۇبارەك قەسىدىسى» گە تەقدىم، دېگەن ھۆججەتتى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇرتى ۋە قەبرىسىنى بېكىتىشتە مۇھىم ھۆججەت بولۇپ قالدى. «مەسنەۋى شېرىپ»كە يېزىلغان «ھەدىيەنامە»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سادىقى ئۆز ئەتراپىغا نىزارى، غەرىبى، زىيائى، زەيدىن قۇرۇلبېگى قاتارلىق ئۆلىمالار، بىلىم ئەھلىلىرىنى توپلىغان. بۇ ئارقىلىق خەلقىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە بىرلىكتە كۈچ چىقارغان. 1849 ـ يىلى كاشغەردە بولغان بىر قېتىملىق سىياسىي توپىلاڭدا ئالىم

قەتلى قىلىنغان. ئۇنىڭ جەسىتى ئاق مازار (يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى ئالدىدىكى قەبرىستانلىقتا)غا دەپنە قىلىنغان.

مۇھەممەد سادىق كاشغەرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئەلىشىر نەۋائىدىن كېيىن ئۆتكەن يەنە بىر ھوسۇللۇق ئەدىبدۇر. ئالىم ئۆز ھاياتىدا «تەزكىران ئەزىزان»، «زۇبەدتۇل مەسائىل ۋەل ئەقائىد» (مەسىلىلەر جەۋھىرى)، «تەزكىرەئى ئەسھابۇل كەھب»، «ئادابۇسسالىھىن»، «تارىخىي ئىسكەندەرىيە ۋە تاجىنامەئى شاھى»، «رىسالەئى كەسپدار»، «ئىسلام ئاساسى»، «كەشپۇل قۇلۇب»، «تەرجىمە تارىخىي تەبەرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

سادىقى بۇنىڭدىن باشقا 1749-1750-يىللىرى پارس تىلىدىن «تارىخىي رەشىدى»نى تەرجىمە قىلغان، بۇ «تەرجىمەئى تارىخىي رەشىدى» دەپ ئاتالغان. ئەرەب تىلىدىن«قۇرئان»نى تەرجىمە قىلغان، ھەم «قۇرئان تەفسىرى»نى تاماملىغان.

دېمەك، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنىڭ ئىجادىيىتى تارىخى تەزكىرە، بەدىئىي ئەدەبىيات، تەرجىمە، ئەخلاق، دىن، شېئىرىيەت قاتارلىق كۆپ خىل تېمىلاردا بولغان. ئۇ كېيىنكى نوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پەن- مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

# شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى

(1850-1776)

ئابدۇرېھىم نىزارى 1776- يىلى كاشغەر كونا شەھەردە دۇنياغا كەلگەن. 1796- يىلى كاشغەر شەھىرىدىكى «خانلىق مەدرىسە» گە ئوقۇشقا كىرگەن.

ئۇ ئانا تىلىنى، ئەرەب - پارس تىللىرىنى، ئۇيغۇر قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى پۇختا ئۆگەنگەن. نىزارى ئۆمرىنىڭ 40 يىلىدىن كۆپرەك ۋاقتىنى ئۆگىنىش، بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە خەتتاتلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن.

ئابدۇرېھىم نىزارى شائىر زىيائى، غەرىبىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ 18 قىسسە، 24 ھېكايە تۈزگەن. «پەرھاد شېرىن»، «ۋامۇق ئۇززا»، «رابىئە ۋە سەئىدىن»، «مەھزۇن ۋە گۈلنىسا»، لەيلى ۋە مەجنۇن» لارنى ئۆزى يازغان. يەنە مەھمۇد كاشغەرى قاتارلىق ئۇلۇغلارنىڭ ھاياتى بايان قىلىنغان «دىيارى ئىمام» ناملىق بىر ئەسەر يېزىپ چىققان. ئابدۇرېھىم نىزارى 1850- يىلى كاشغەر ئوپالدا ۋاپات بولغان.

# موللا بىلال نازىمى

**(1825- 1900)**

شائىر بىلال نازىمى تەخمىنەن 1825-يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە نامرات موزدۇز ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 10~11 ياشلارغا كىرگەندە دادىسىدىن يېتىم قالغان ۋە ئاكىسى جالالىدىنىنىڭ تەربىيىسىدە بولغان، مەدرىسىدە ئوقۇغان. موللا بىلال قورغاس «ئالتۇنلۇقۇم» يەنى تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى يېنىدىكى «بەيتۇللا» مەدرىسىدە 11 يىل ئوقۇغان.

ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن، شەرق ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىز بىلەن پىششىق تونۇشقان، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى ئېسىل ئەسەرلەرنى توپلىغان. ئۇ 20 ياشقا كىرگەندە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللانغان.

تۆھپىكار ئەرنىڭ كەينىدە مەدەتكار ئايالنىڭ بولۇشى تەبىئىي. بىراق، ھازىرغا قەدەر يېزىلغان مەنبەلەردە موللا بىلالنىڭ ئانىسى ۋە ئايالىنىڭ ئىسمى پەقەت تىلغا ئېلىنمىغان. شائىر بىلەن زاماندىش تەتقىقاتچى، ئەدىبلىرىمىز بۇ نۇقتىغا زادىلا كۆڭۈل بۆلمىگەن، بۇ ھال كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بىلال نازىم 1864-يىلى پارتلىغان ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغان. شۇ يىللاردا «نوزۇگۇم»، «غازات دەر مۈلكى چىن »، «چاڭمۇزا يۈسۈپخان» قاتارلىق نادىر داستانلارنى يېزىپ چىققان. 1895-يىلىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق »كۆچ -كۆچ»» تە يەتتە سۇ ۋادىسىدىكى ياركەنت دېگەن جايغا كۆچۈپ كەتكەن، شۇ جايدا 1900-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

# ئەدىب موللا مۇسا سايرامى

(1826 ـ 1917)

مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى ۋە ئەدىب موللا مۇسا بىننى ئەيسا سايرامى مىلادىيە 1826 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى باي ناھىيىسىگە قاراشلىق سايرام رايونىدا دۇنياغا كېلىدۇ. 1847 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇنى ئەينى زاماندا داڭلىق بولغان كۇچادىكى ساقساق مەدرىسكە ئوقۇشقا بېرىدۇ. بۇ مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى شۇ زاماندىكى داڭلىق ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن بىرى بولغان موللا ئوسمان ئاخۇن خەلپەت دېگەن كىشى ئىدى.

موللا مۇسا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئۇستازىنىڭ غەمخورلۇقىدا قۇرئان، ھەدىس، تارىخ، ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە ئىلىملىرى ھەمدە ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگىنىپ، «موللا مۇسا» دېگەن ناملار بىلەن تونۇلۇشقا باشلايدۇ. ئۇ 1854 ـ يىلى مەدرىسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئانا مەكتىپى سايرام مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىدۇ.

1864 ـ يىلى كۇچار قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، موللا مۇسا سايرامى تالىپلىرىنى باشلاپ، قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ ۋە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۈچتۇرپاندا تۇرۇشلۇق سەركەردىسى ماخمۇددىن خوجىنىڭ مۇھۇرچىسى ئومۇمىي ئىشلار باشلىقى بولىدۇ.

1867 ـ يىلى ياقۇپبەگ ئۈچتۇرپاننى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئۇ ياقۇپبەگنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق باش زاكاتچىسى مىرزا بابابېك ھەمسارىنىڭ كاتىپى بولىدۇ. 1877 ـ يىلى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، موللا مۇسا سايرامى ئاقسۇدا قېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە 40 يىلغا يېقىن ۋاقىتنى يېزىقچىلىق ۋە تەتقىقات ئىشلىرىغا بېغىشلايدۇ.

بۇ جەرياندا ئۇ بىر مۇنچە تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازىدۇ. بۇلاردىن مەشھۇرراق بولغانلىرى «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»، «دەريايان ئەسھابۇل كەھف»، «تارىخىي ئەمىنىيە»، «دىۋان مەسنەۋى»، «تارىخىي ھەمىدى»، «سالامنامە» قاتارلىقلاردۇر.

1917 ـ يىلى 81 ياشقا كىرگەن موللا مۇسا سايرامى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ.

# ئابدۇقادىر ئىبنى ئابدۇلۋارىس كاشغەرى

(1862 ـ 1924م)

ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس قەشقەرى (1862 ـ 1924) ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ مەنىۋى يېتەكچىسى، مەشھۇر ئىسلاھاتچى..

ئابدۇقادىر داموللا 1862 ـ يىلى ئاتۇش شەھىرىدە مەرىپەتلىك ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆز يۇرتى ۋە قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىدە يۇقىرى بىلىم ئالغان، ياش ۋاقتىدىلا ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى بىلىملىك كىشىسىگە ئايلانغان.

ئۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ بۇخارا، سەمەرقەند قاتارلىق جايلاردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئۆلىمى دەرىجىسىگە يەتكەن.

ئۇ دەرسلىك ماتېرىيال سۈپىتىدە:«سەرپ ـ نەھۋى، ئەدەبىيات ئاچقۇچى، ئىلمى تەجۋىد، ئىلمىي ھېساب، جۇغراپىيە ئىلمى، مۇھىم ئەقىدىلەر ساۋاتى، گۆدەكلەرگە تەربىيە ۋە خەلق ئاممىسىغا نەسىھەت» قاتارلىق ئون نەچچە ئەسەرلەرنى يازغان.

ئۇ يېڭى ئەسىردىكى بۈيۈك ئىسلاھاتچىدۇر.

داموللامنىڭ «نەسىھەتى ئامما» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدىن ئۆزۈندە:

بۇ زامان غېپلەت ۋە بىپەرۋالىقنىڭ زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىسىدۇر. جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم ـ مەرىپەت دەۋرىدۇر. سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت قىلىش ۋاقتىدۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم ۋە مەرىپەت سايىسىدە ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا. سۇ ئاستىدا بولسا، خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە، بىز تېخى غېپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ بولسا ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر! ھېلىمۇ ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار. جانابى ھەقنىڭ رەھمەت ۋە ئىنايەت خەزىنىسىنىڭ ئىشىكى دائىم ئوچۇقتۇر. دۇنيادا ئۈمىدسىزلىك بىلەن ياشاش توغرا ئەمەس. ئىنسان كىچىكلىكىدىن تارتىپ ئىلىم ئۆگىنىشى ۋە كەسىپ (ھۈنەر ـ سانائەت) بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەككى، ھەر قانداق ئىشنى ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا چىقىرىشنى تەڭرى ئىبادەت قىلمىغاندۇر، يەنى ھەر بىر ئىش تىرىشچانلىق ۋە ئىجتىھات بىلەن بەرپا بولىدۇ. ھەممە ئىشقا تىرىشچانلىق ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىش خۇدانىڭ يولىيورۇقىدۇر.

# بۈيۈك شائىر تەجەللى

(1848-1927م)

ئۇيغۇر ئالىمى، شائىرى ھۆسەيىنخان تەجەللى-مۇجەللى ھەزرىتىم مىلادى 1848-يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. مىلادىيىنىڭ 1927-يىلى رامىزان ئېيىدا، قاغىلىق ناھىيىسىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. كىچىك ۋاقتىدا ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە مەككىگە بارغان. سەئۇدى ئەرەبىستاندا باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئاتا-ئانىسىغا ئەگىشىپ ھىندىستان دېھلى شەھىرىگە كەلگەن ۋە «دېھلى دارىلئۇلۇم» مەدرىسىدە، ئاندىن ئىراننىڭ «ئىسپاھان دارىلفۇنۇن»دا، ئاخىرىدا ئافغانىستان «كابۇل دارىلفۇنۇن» دا ئوقۇپ، ھەر تەرەپلىمە بىلىم تەھسىل قىلغان.

شائىرنىڭ ئەقلىي، ئىلمىي، ئەدەبىي ئىقتىدارى كۆپ تەرەپلىمە بولغانلىقتىن، ئۆز دەۋرىدىكى ئالىم، ئەدىپلەر ئۇنىڭغا «تەجەللى-مۇجەللى»تەخەللۇسىنى قويۇشقان.

شائىر ئىسلام دىنى ئىلمىنىڭ بارلىق تارماقلىرىدا، دۇنياۋى مۇھىم پەنلەردىن تىلشۇناسلىق، ئەدەبىيات، تارىخ، لوگىكا، تەبىئەت، ئاسترونومىيە، خىمىيە، مېدىتسىنا، ماتېماتىكا قاتارلىقلاردا كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە ئالى مەلۇماتقا ئىگە ئىدى.

ئۇيغۇر ئالىمى، شائىر ھۆسەيىنخان تەجەللى-مۇجەللى ھاياتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قاغىلىق، يەكەن، گۇما ناھىيىلىرىدە ئۆتكەن. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتە روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. ئۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سەركەردە بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىدىمۇ ئالى ماھارەت ئېگىسىدۇر.

ئۇنىڭ بۇلغارىيە، تاشكەنت قاتارلىق ئەللەردە نەشر قىلىنغان «بەرقى تەجەللى، سەبقى مۇجەللى»، «دىۋان تەجەللى» قاتارلىق كىتابلىرىدىن باشقا، مەرھۇم ئابلىكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭ مۇبارەك ئىلكىدە بىردىنبىر قول يازمىلار ھالىتىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان « دىۋان ئەرەبى » (ئەرەبچە شېئىرلار توپلىمى) « تۆھبەتۇل بەررەيىن » (« ئىككى قۇرۇقلۇققا تۆھپە»)، «مەجمۇئەتۇل قەسائىدە »(« قەسىدىلەر توپلىمى »)، « سەبدەرنامە »، («قەھرىمانغا بېغىشلايمەن »)، « تىلسىم ئىشق »،

(«ئىشق مۇھەببەت ئىلمى ») ۋە قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەپسىرى قاتارلىقلار بار.

شائىرنىڭ « تەجەللى » ۋە « مۇجەللى» دېگەن ئاملىرى ئۇنىڭ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي كامالىتىگە مۇناسىپ ھالدا ئالىم، ئەدىبلەر تەرىپىدىن بېرىلگەن تەخەللۇس ئىدى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئالىم ھەققىدە ئۇرغۇنلىغان ماقالىلەر ئېلان قىلىندى ۋە ئۇنىڭ نام-شەرىپى دۇنياۋى مەشھۇر كىشىلەر ئىسلام دىنى لۇغىتىگە كىرگۈزۈلدى.

# ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

(1901- 1933)

تالانتلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئابدۇراخمان ئوغلى1901- يىلى 2- ئاينىڭ 9- كۈنى تۇرپان شەھرىدە تۇغۇلغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 5 يېشىدىلا ساۋادىنى چىقارغان. 12 ياشلارغا كەلگەندە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ئەرەپ، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن ۋە كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا باشلىغان.

ئۇ رۇس تىلىنى رۇسىيەدە 3 يىل ئۆگەنگەن، شۇنداقلا خەنزۇ تىلىنىمۇ پىششىق ئۆگەنگەن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن گېزىت ژۇرنال نەشر قىلىشقا ھەرىكەت قىلغان، لېكىن زالىم ھاكىمىيەت رەت قىلغان.

ئۆز غايىسى يولىدا تېز پۈكمەس روھقا ئىگە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1932- يىلى 11- ئايدا "ئويغان"، "ئاچىل" دېگەن شېئىرلىرىنى ئاق رەختكە چوڭ خەتلىك قىلىپ يېزىپ، كوچىلارغا چاپلاپ، زالىم ھۆكۈمەتنىڭ ھەيۋىسىگە تاقابىل تۇرىدۇ.

جاللات شىڭشىسەي شائىرنى تۇرمىگە تاشلاپ، 1933- يىلى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

شائىرنىڭ «ئويغان» ناملىق شېئىرى:

ھەي، پېقىر ئۇيغۇر، ئويغان، ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر.
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزەڭنى قۇتقازمىساڭ،
ئاھ سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.

قوپ! دېدىم، بېشىڭ كۆتەر، ئۇيقۇڭنى ئاچ!
رەقىبىنىڭ بېشىنى كەس، قانىنى چاچ!
كۆز ئېچىپ ئەتراپقا ئوبدان باقمىساڭ،
ئۆلىسەن ئارماندا، بىر كۈن يوق ئىلاج.

ئېچىنار كۆڭلۈم ساڭا، ھەي ئۇيغۇرۇم،
سەبدىشىم، قېرىندىشىم، بىر تۇققىنىم.
كۆيۈنۈپ ھالىڭغا ئۇيغاتسام سېنى،
ئاڭلىمايسەن زادى، نېمە بولغىنىڭ؟!

كېلىدۇ بىر كۈن پۇشايمان قىلسەن،
تەكتىگە گەپنىڭ شۇ چاغدا يېتىسەن.
«خەپ» دېسەڭ شۇ چاغدا ئۇلگۇرمەي قالۇر،
شۇندا، ئۇيغۇر، سۆزىگە تەن بېرىسەن.

# تارىخشۇناس ۋە شائىر قۇتلۇق ھاجى شەۋقى

(1876ـ 1937م)

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى. قەشقەردە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تىلىدا گېزىت چىقارغان ئاتاقلىق نەشرىياتچى ۋە جامائەت ئەربابى.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى 1876ـقەشقەر شەھىرىدىكى خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. 1908 ـيىلى دادىسى شەۋقىنى مىسىردىكى «جامىئۇل ئەزھەر دارىلئۇلۇم»غا ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن يەنە، تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا بىرقانچە يىل ئوقۇتقان.

ئەل يۇرتىنىڭ خانە ۋەيرانچىلىقى خوراپاتلىق، قاراڭغۇ جاھالەت، نادانلىق، غەپلەت ئاستىدىكى خەلقىنىڭ داد-پەريادى قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ ئىدىيىسىگە قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ بۇھەقتە مۇنداق يازغان ئىدى:

بىر قىلىچ بەرسە خۇدا، «كەس» دەپ ئۇنىڭغا بۇيرۇسام،
ئۈزسە خەلقىنىڭ بويىنىدىن خارلىق كىشەن-زەنجىرىنى.
گەر خاراپكەن ئەل-ۋەتەن، كاللامنى ئۈزسۇن ئۇ قىلىچ،
كۆرمىسۇن شەۋقى كۆزى قۇللۇقتا ئەل تەقدىرىنى.

ئۇ تۇنجى قېتىم 1933ـيىلى قەشقەردە ئۇيغۇر تىلىدا «ئەركىن ھايات» گېزىتىنى نەشر قىلدى. بۇ گېزىتنىڭ مەزمۇنى-خەلقنى ئويغىتىش، ئاقارتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

گەرچە بۇ گېزىت ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەت، تەرىپىدىن توختىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن 1934ـيىلى 23ـئاۋغۇستتىن باشلاپ «يېڭى ھايات» گېزىتى نامىدا قايتا مەيدانغا كېلىدۇ.

ئۇ يازغان تارىخي ئەسەر «تارىخى ئەسەر ۋاقىيەتۇل كاشغەر» ناملىق كىتابى مۇھىم تارىخى ھۆججەت قاتارىدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

ئۇ شىڭ شىسەي تەرىپىدىن 1937-يىلى قولغا ئېلىنىدۇ ھەم شۇ يىلى قەشقەر يارۋاغ تۈرمىسىدە 61 يېشىدا كۆيدۈرۈلۈپ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلىدۇ.

شائىرنىڭ «ئانا تىل» ناملىق شېئىرى:

ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززىتىنى قىلغۇم كېلۇر،
ئانا تىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بېرىپ ئالغۇم كېلۇر،
بۇ ئانا تىل بولسا گەر ئامېرىكايۇ، ئافرىقىدا،
سەرپ ئېتىپ مىڭلارچە تىللار،ئاندا مەن بارغۇم كېلۇر،
ئەي ئانا تىل، بىزگە سەن ئۆتكەن ئۇلۇغلاردىن نىشان،
سەن بىلەن روھى زېمىندا ئىپتىخارلانغۇم كېلۇر.

## ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇلئەزىز مەخسۇم

(1894 ـ 1982)

ۋەتەنپەرۋەر شائىرىمىز ئابدۇلئەزىز مەخسۇم، 1894 ـ يىلى ئۇيغۇر يېڭىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ بايراقدارى، جامائەت ئەربابى، يېتىشكەن ئالىم. ئۇ ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ ئائىلىسىدە ئاتۇش شەھرىدە دۇنياغا كەلدى.

ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ئاتىسى ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ ئائىلە تەربىيىسى بىلەن باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قەشقەر شەھرىدە پۈتتۈردى. بۇ جەرياندا داموللام ۋە باشقا بىر قىسىم ئۇستازلاردىن ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەندى.

ئۇنىڭدىن كېيىن داموللام ئوغلى ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنى چەتئەلدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تەربىيىلەش مەقسىتىدە ھىندىستانغا ئەۋەتىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ھىندىستاندا ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى باشلايدۇ. ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ 1920 ـ يىللاردىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا باشلىغان. مىللەتنى ئويغىتىش، يېڭىلىققا ئىنتىلدۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈش، خائىنلارنى قامچىلاش، زۇلۇمغا قارشى كۈرەشكە چاقىرىش، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ـ شائىر ئابدۇلئەزىز مەخسۇم شېئىرلىرىنىڭ مەركىزى تېمىسى بولغان.

ئابدۇلئەزىز مەخسۇم چەتئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى 58 يىللىق ھاياتىنىڭ 43 يىلدىن كۆپرەكىنى تۈرمەلەردە ئۆتكۈزگەن ئىدى.

1980 ـ يىلى شائىرنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە كېسەل ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ھۆكۈمەت ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىدۇ.

1982 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ئانا ۋەتىنى ئۈچۈن بېغىشلىغان بۇ شائىر كوچىلەر پويىزى ئالدىدا قەددىنى كېرىپ تۇرۇپ شېھىت بولغان.

ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆلمىدى، ئۇ مىليونلىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ كۈرەش يولىدىكى نامايەندىسىگە ئايلاندى.

شائىرنىڭ «ئايرىلمىسۇن» ناملىق شېئىرىدىن ئارىيە:

مىللىتىم ئىنسانىيەت مەيدانىدىن ئايرىلمىسۇن،

مىللىتىم ئىسلامىيەت ئىمانىدىن ئايرىلمىسۇن،

مىللىتىم ھەققانىيەت ۋىجدانىدىن ئايرىلمىسۇن،

مىللىتىم نۇرانىيەت ئۇنىۋانىدىن ئايرىلمىسۇن،

مىللىتىم ھۆر ئاپىيەت دەۋرانىدىن ئايرىلمىسۇن.

مىللىتىم بىلسۇن ۋەتىنىنى، قەدرىنى خار ئەتمىسۇن،

بۇ مۇقەددەس جان ۋەتەن، جانانىنى زار ئەتمىسۇن،

باشقىلار «بىزنىڭ» دېگەن شۇم سۆزىگە ئىقرار ئەتمىسۇن،

"مۇشتەرىك دۆلەت" دېگەن يالغانىنى دەركار ئەتمىسۇن،

ئانا ۋەتەن (ئۇيغۇر دىيارىدىن) ئايرىلمىسۇن.

# يازغۇچى، دراماتورگ زۇنۇن قادىر
(1912 ـ 1989م)

ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىغا، بولۇپمۇ ھېكايىچىلىققا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان زۇنۇن قادىردۇر. ئۇ 1912 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتىدە تۇغۇلدى. 1989 ـ يىلى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى.

ئۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەزگىلىدە « سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ ئېغىر زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ئۇزۇن يىل رىيازەت چېكىدۇ.

زۇنۇن قادىرى سەنئەت ئىجادىيىتىگە 1936 ـ يىلى كىرىشكەن بولۇپ، ئۇ ئۈچ پەردىلىك «جاھالەتنىڭ جاپاسى»، « ئۇچراشقاندا »، « پارتىزان يولى» ناملىق دراملارنى يازىدۇ. 1942 ـ يىلى « گۈلنىسا »، « غۇنچەم » دراملىرىنى يېزىپ، ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلىدۇ. يەنە « ھەر ئىشنىڭ يولى بار» «خۇشخەۋەر » قاتارلىق دراملارنى يازىدۇ.

1945 ـ يىلىدىن باشلاپ ھېكايە، مەسەل، شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇ يىللاردا « مۇئەللىمنىڭ خېتى »، «شەپقەت ھەمشىرىسى »، «ماغدۇر كەتكەندە » قاتارلىق ھېكايىلەرنى يازىدۇ.

50 ـ يىللاردىن كېيىن « چېنىقىش » قاتارلىق ھېكايىلەرنى، « توي » ناملىق دراملارنى يازىدۇ. 1981 ـ يىلى تېيىپجان ئېلىيوف، ئېلى ئەزىزى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە « غېرىپ ـ سەنەم » ناملىق كىنو سېنارىيىسىنى يازىدۇ ۋە « غۇنچەم » دراممىسىنى رېژىسسور ئابدۇللا بىلەن بىرلىشىپ سىنارىيىلەشتۈرىدۇ.

1984 ـ يىلى «خاتىرىلەر»نى نەشىر قىلدۇرىدۇ. زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم»دراممىسى ئۇيغۇر دراماتورگىيە تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ ئۆز ھاياتىدا بىزگە «غۇنچەم»، «چېنىقىش»،«خاتىرىلەر»،«مەسەل ۋە چۆچەكلەر»دىن ئىبارەت تۆت پارچە كىتاب قالدۇردى.

# مەشھۇر شائىر ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر

(1923-1995)

شائىر، يازغۇچى، تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر (ئۆتكۈر - ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى) 1923 - يىل 7 - ئايدا قومۇل شەھىرىدە تۇغۇلغان. دەسلەپ قومۇلدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان.

1939 - يىلى سابىق ئۆلكىلىك ئىنستىتۇتغا ئوقۇشقا ئۆتكەن، 1942 - يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ، ئۆلكىلىك قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، 1945 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر خېلى يىللارغىچە تەرجىمانلىق، تەتقىقات، ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇ، 70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە تەتقىقاتچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلگەن. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1995 - يىلى ئۈرۈمچىدە 72 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەدەبىيات ساھەسىگە 1940 - يىللىرى شېئىرىيەت ئارقىلىق كىرىپ كەلگەن. ئۇ، شۇنىڭدىن تارتىپ شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «تاڭ شاماللىرى»، «ياخشى»، «مەن ئاق بايراق ئەمەس» قاتارلىق شېئىرلىرى؛ «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك»، «قەشقەر كېچىسى» قاتارلىق داستانلىرى ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزدە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە رومانچىلىق ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ، 80 - يىللاردىن تارتىپ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى يۈكسەك تالانتىنى تارىخىي رومان ئىجادىيىتىگە قارىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ 20 -، 30 -، 40 - يىللاردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى، ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىنى يازدى. بۇ رومانلار ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدا ئەڭ ياخشى تارىخىي رومانلار ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن «يۈرەك

مۇڭلىرى»، «تارىم بويلىرى»، «قەشقەر كېچىسى»، «ئۆمۈر مەنزىللىرى»، ناملىق شېئىرلار ـ نەسرلەر توپلىمى، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» (ئىككى قىسىم) ناملىق رومانلىرى بار.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ھىدايەتنامە» ناملىق شېئىرىدىن ئارىيەت:

## ھىدايەتنامە

ئۆمۈر مەنزىلىدىن ئىنىماي ئىزلىدىم مەن ھەقىقەتنى،
تەپەككۇر بولدى بىر ھادى تېپىشتا چىن ھىدايەتنى،
تىلەپ ھەر سۆزگە باي مەنە يەنە جانلىق پاساھەتنى،
دىلىم ئىستەيتتى ئىزھارغا ھەممىشە مەقبۇل پۈرسەتنى.
كېلىڭ ئەي دوستلىرىم ئەمدى خۇشال باشلايلى سۆھبەتنى.
سۆزۈمنىڭ باشى بىسمىللاھ بۇ مۆمىنلىك ۋەزىپەمدۇر،
سانا يۇ ھەمدىلەر ئېيتسام تومەن مىڭنى يەنە كەمدۇر،
قۇرۇق، تۇزسىز ئىبادەتتىن ئەمەل ئەۋزەل، ئەقىدەمدۇر،
بۇ دەۋايىمغا بورھانىم مۇشۇ يازمىش قەسىدەمدۇر..
تىلەيمەن رەببىم ئاللاھ دىن قولۇمغا كۈچ ۋە قۇۋۋەتنى،
ئۆتۈپ بىر مىڭدا تۆت يۈز يىل ھاۋادىسلەر بىلەن بىر-بىر،
بىرەر ئىش قالمىدى شەكلەن ۋە مەنەن بولمىغاي تەغيىر.
بىراۋلار قەست بىلەن قۇرئان قۇرئان بېتى قىلسىمۇ تەھرىر،
لېكىن ئۆزگەرمىدى بىر ھەرپ، بىرەر ساكىن ياكى زىر.
چۈشەنمەك نە مۇشكۇلدۇر بۇ مۆجىزە ـ كارامەتنى
جاھان باقى ئەمەس، لوقمان چېغىدا تاپمىدى دەرمان،
مىسالىدۇر بۇڭا ئىسكەندەر، ۋە ھەتتا ئەركى چىڭگىزخان.
كېلىپ ـكەتمەك بىلەن مەشغۇل، جاھانغا بىھېساپ كارۋان،
ئۆتەر دۇنيا، كېچەر دۇنيا، پەقەت خەلقلا سۈرەر دەۋران.
ئۆمۈر مەنزىلدە تاپتىم نىھايەت شۇ ھەقىقەتنى.

# تالانتلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر

(1998-1937)

زوردۇن سابىر 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر رېئالىستىك يازغۇچى. ئۇ ئاساسلىقى 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشتى.

زوردۇن سابىر 1937ـ يىلى باھار ئايلىرىدا غۇلجا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا، زوردۇن سابىر مۇھىم بىر تەتقىقات تېمىسى. يالغۇز ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن 86 ھېكايىسى، تۆت رومان (جەمئىي يەتتە كىتاپ) توققۇز پوۋېست، ئىككى دىرامىسى، ئىككى ئەسلىمىچى، ئىككى زىيارەت خاتىرىسى شۇنداقلا ئالتە ماقالىسى بار.

«ئانا يۇرت»، «ئىزدىنىش»، «ئۇنتالمايمەن گۈلسارە»، «ئاۋرال شامالىلىرى»، «ئاتا»، «خېرە دېرىزە»، «دولان ياشلىرى»، «گۈلەمخان»، «قەرزدار».... قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ مۇئەللىپى زوردۇن سابىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي پسىخىكىسىنى قېزىشقا ماھىر ئىدى. تالانتلىق يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» ناملىق تارىخىي رومانىدا 1940-يىللاردا ئۇيغۇر تارىخىدا يۈز بەرگەن زور ۋەقە-«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ئاساسىي تېما قىلىنغان.

<u>تۆۋەندە مەرھۇمنىڭ «ئانا يۇرت» رومانىدىن پارچە:</u>

- ئەمما لېكىن، بىز خەقتىن ھەر قانداقى چىقىدۇ جۇما: غېنى باتۇر، سىيت نوچىدەك باتۇرلىرىمۇ، سوپىبەگ ھاجىدەك مۇناپىقلىرىمۇ چىقىدۇ. پۇقراچە كىيىنىپ، خەقنىڭ ئېغىزىنى تاتىلاپ گەپ ئېلىپ، يىگىرمە نەچچە ئادەمنى ساقچىغا تۇتۇپ بەرگەن سېتقۇالدى ھاجىممۇ ئۇيغۇر! تۈرمىدە ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆزىنى ئويۇپ، بەدىنىگە يىڭنە سانجىپ، قىيناپ، قەشقەر كونىشەھەر قۇمدەرۋازا تۈرمىسىدە يۈزدەك ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ھاشىمەكمۇ ئۇيغۇر. سارايلارغا قاراپ باقە، ياسىنىپ-تارىنىپ يۈرگەن سەتەڭلەرمۇ ئۇيغۇر...

- راست، بىز خەقتىن چىقمايدىغان ئىخلىم يوق. تۈرمىدە ئۆلمۇۋاتقانمۇ ئۇيغۇر،

ئۆلتۈرۈلىۋاتقانمۇ شۇ. گومىنداڭغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، دۈشمەننى سۈر-توقاي قىلىپ، چىچىۋېتىۋاتقانمۇ ئۇيغۇر. شۇڭىمىكى، بۇ ئەزىمەتلەرنى تىللاپ ئۇرۇمچىنىڭ كوچىلىرىدا تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ يۈرگەنلەرمۇ، نامايىش قىلىپ «يوقالسۇن باندىتلار!» دەپ ۋارقىرىشىپ يۈرگەنلەرمۇ ئۇيغۇر.

- پۇقراچە ياسىنىۋېلىپ، بىزدەك يېتىمچىلارنى ماشىنىدەك پۇراپ يۈرگەن ساقچىلارچۇ تېخى!

- مەسچىتلەردە خەلققە ئىلى ئوغرىلىرى خۇدانىڭ ئاسىيلىرى دەپ سۆزلەپ يۈرگەن ئاخۇنلارمۇ شۇ!....

ئانا يۇرت 2-توم «1125-بەتكە قاراڭ!»

# ئاتاقلىق تارىخچى، ئالىم ۋە شائىر- تۇرغۇن ئالماس

(1924- 2001م)

تۇرغۇن ئالماس 1924 - يىلى 10- ئاينىڭ 30- كۈنى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى دۆلەتباغ يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ 1934 -يىلىدىن 1939 -يىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇدى. 1939 - يىلى 1942- ئايىغىچە، ئۈرۈمچىدىكى سابىق ئۆلكىلىك سىفەن مەكتەپتە، 1956 - يىلى 1957 - يىلى، لۇشۈن ئەدەبىيات شۆيۈەنىدە ئوقۇدى.

1946- يىلىنىڭ بېشىدا، قاماقتىن بوشىتىلغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتى قەشقەرگە پىيادە يېتىپ بېرىپ، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا مىگىبىر مۇشەققەتتە ئېرىشتى.

شائىر بۇ مەزگىلدە «تەنلىرىم ياپراق»، «ياشلىقىم»، «ئانا تۇپراق ئۈچۈن» قاتارلىق يالقۇنلۇق ئىنقىلابىي شېئىرلارنى يېزىپ، خەلق ئاممىسىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. ئۇنىڭ «تەنلىرىم ياپراق» ناملىق شېئىرى خەلق ئارىسىدا ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ، دىيارىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىگە تارالدى.

1946- يىلى تۇرغۇن ئالماس بۇ ۋاقىتتا قەشقەردىكى ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا مۇدىر، قوشۇمچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ تەرتىپ مۇدىرى بولۇپ تەيىنلەندى. بۇ مەزگىلدە شائىر ئۆزىنىڭ«ئۈمىدلىك خىيال»، «جەنۇب ساداسى»، «مۇڭلىرىم» قاتارلىق شېئىرلىرى ئارقىلىق خەلقنى گومىنداڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىردى.

گومىنداڭ دائىرىلىرى 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كېچىسى، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنى قورشاپ، تۇرغان ئالماسنى تۇتقۇن قىلىپ، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى ھەربىي قاماقخانىسىغا قامىدى. گومىنداڭ سوراقچىلىرى شائىرنى قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىپ، ۋەھشىيلەرچە قىيناپ بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى قىلچە تىز پۈكتۈرەلمىدى.

تۇرغۇن ئالماس ئەدەبىيات ۋە تارىخ تەتقىقاتىغا دائىر 40 پارچە ئىلمىي ماقالە يازدى، بۇ ماقالىلار تۈرلۈك ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇ خەنزۇ تىلى نى مۇكەممەل بىلگەندىن تاشقىرى رۇس، تۈرك تىللىرىنىمۇ ياخشى بىلىدۇ.

تۇرغۇن ئالماس 1980- يىلىدىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە سالامەتلىكىنىڭ خېلى دەرىجىدە يامانلاشقانلىقىغا قارىماي «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇرلار»، «ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى»، «تۈركلەر»، «قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» قاتارلىق چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇنىڭ «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسىرى گېرمانىيىدە (ھامبورگدا) نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان بولسا، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق ئەسىرى سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، نەشر قىلىندى.

1990- يىلى تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار»قاتارلىق ئۈچ كىتابى ئۈستىدە چەكلەش بۇيرۇقى ئېلان قىلىندى ۋە «ئۈچ كىتابنى تەنقىدلەش» ھەرىكىتى قوزغالدى. ئەسەر ئاپتورى بولسا ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە ئەسەر ئېلان قىلىش ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنىپ، سىياسىي نەزەر بەنتكە مەھكۇم قىلىندى.

تۇرغۇن ئالماس ئىلگىرى پەقەت تارىخچىلا بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە مىللىي قەھرىمان سۈپىتىدە خەلقىنىڭ قەلب تۆرىدىن جاي ئالدى، ئۇنىڭ كىتابلىرى ئاددىي كىتابلار ئەمەس، بەلكى مەڭگۈ ئىزى ئۆچمەيدىغان قىممەتلىك ئابىدىگە ئايلاندى.

ھاياتىنىڭ يېرىمىنى جاپالىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا بېغىشلىغان بۇ غەيرەتلىك ئۇستاز 2001- يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن 77 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

**ئۇيغۇرلار:**

ئۇيغۇرلار تۈركى خەلقلەرنىڭ بىر تارمىقى، ۋە تۈركى خەلقلىرى ئىچىدە تارىخىنىڭ ئۇزۇن، ئەقىللىق، شانلىق مەدەنىيەت ياراتقان قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ئۇلۇغ مىللەت.

"ئۇيغۇر" دېگەن نام دەسلەپتە مىللىي ئىسىم ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرلەشكەن سىياسىي تەشكىلىنى كۆرسىتىدىغان نام.

باھادىرخاننىڭ "تارىخىي شەجەرەئى تۈرك" دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق كەلگەن:«ئۇيغۇر دېگەن نام ئوغۇزخان تەرىپىدىن تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ باتۇر، ئۇيۇشقاق بىر قىسمىغا، ئۇلارنىڭ جەڭلەردە كۆرسەتكەن باتۇرلىقى، خەلق ھەم ۋەتىنىگە كۆرسەتكەن سادىقلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن نام» دۇر.

تارىخشۇناس رەشىدىدىن ئۆزىنىڭ «جامىئۇت تەۋارىخ» (تارىخلار توپلىمى) دېگەن كىتابىدا بۇ پىكىرگە ئاساسلار كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقى 9 قەبىلىدىن، بەزىدە 10 قەبىلىدىن تەشكىل تاپقاچقا، بەزى تارىخىي ھۆججەتلەردە « توققۇز ئوغۇزلار» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغان جايلىرى:**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى ماكانى «شىنجاڭ» نى ئاساس قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيادۇر، تارىخىي ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بۇ كۆز قاراشنى يىمىرىلمەس پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بەرمەكتە.

بۇنىڭدىن ئون مىڭ يىللار بۇرۇن قۇرغاقچىلىق ۋەھىمىسىدە قالغان ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئوتتۇرا ئاسىيادىن تەرەپ - تەرەپكە قاراپ كۆچۈشكە باشلىغان. تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى سېرىق دەريانىڭ شىمال تەرىپىگە كۆچكەن، يەنە بىر قىسمى تارىم ۋادىسىدا داۋاملىق ئولتۇراقلىشىپ قالغان. تارىختىكى ھونلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار دەپ ئاتالغانلار مانا شۇ تارىم بويىدىن كۆچۈپ بارغانلارنىڭ ئەجدادلىرىدۇر.

«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1981 ـ2 ـ 24 ـ كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىنىشىچە:

لوپنۇردىكى قەبرىستانلىقتىن ئىككى جەسەت تېپىلغان. ئۇنىڭ بىرى ياش ئايالنىڭ جەستى، يەنە بىر بالىنىڭ جەسىتى. ئەنجىڭ ئۇنۋېرستېتى تەجرىبىخانىسى جەسەت بىلەن بىللە قېزىۋېلىنغان ياغاچ ۋە باشقا بويۇملارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق جەسەتلەرنىڭ بۇندىن 6421 يىل بۇرۇنقى جەسەت ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ جەسەت دۇنيا بويىچە ھازىرغىچە تېپىلغان جەسەتلەر ئىچىدە ئەڭ قەدىمكىسى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئىككى جەسەت ئۇيغۇرلارنىڭ نەسلى ماكانى، ئىرقي كېلىپ چىقىشى، مەدەنىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەرگە قايىل قىلارلىق دەرىجىدە جاۋاب بېرىدۇ.

6412 يىل بۇرۇن ئۇيغۇر ئايال بىلەن بالىنىڭ لوپنۇر ئەتراپىغا دەپىن قىلىنىشى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋردىن تارتىپ تارىم ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ۋە بۇندىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى، قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار موڭغۇلىيەگە، بايقال كۆلىنىڭ بويلىرىغا كۆچۈپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان پولاتتەك پاكىت.

لوپنۇر ئەتراپىدىن تېپىلغان جەسەتلەر ۋە باشقا بۇيۇملار تارىخچى مورگاننىڭ:«دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم دەرياسى تۈزلەڭلىكى ئاستىدا كۆمۈكلۈكتۇر، قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى مەلۇم بولغۇسىدۇر» دېگەن ھۆكۈمىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

مىلادى 487- يىلى موڭغۇلىيەدىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار شۇ جايدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ، تارىختا:«ئېگىز ھارۋىلىقلار»خانلىقى دەپ نام ئالغان ئۇيغۇر خانلىقىنى (487-546) قۇرغان.

خۇلاسە قىلغاندا، يۇقىرىدىكى پاكىتلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ، «شىنجاڭ» نىڭ ئەڭ ئاساسىي يەرلىك خەلقى ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

شۇنداقلا ئون مىڭ يىللار بۇرۇن يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى تاشقى موڭغۇلدىكى ئورخۇن ۋە بايقال كۆلى ئەتراپىغا كۆچۈپ بېرىپ ماكانلاشقان بولسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۆز ئانا ماكانىغا قايتىپ كېلىپ ماكانلاشقانلىقىنى قايىل قىلارلىق ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

مەنبە: «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 ـ يىل 2 ـ سان.

# تەڭرى قامچىسى- ئاتتىلا

ھونلار بۇنىڭدىن تۆت-بەش مىڭ يىللار ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى.

ھونلار مىلادىيىدىن بىر قانچە مىڭ يىللار بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيادا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4- ئەسىردىن باشلاپ، ھونلار ناھايىتى قۇدرەتلىك بىر سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىرگە كەلگەندە، ھۇنلاردا باتۇر تەڭرىقۇت (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209-174-يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) ئىسىملىك بىر مەشھۇر داھى ئوتتۇرىغا چىقتى. باتۇر تەڭرىقۇت قەدىمكى زامان دۇنيا تارىخىدىكى قۇدرەتلىك دۆلەت-ئاسىيا ھۇن ئىمپېرىيىسىنى قۇردى، بەزى تارىخشۇناسلار باتۇر تەڭرىقۇتنى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى «ئوغۇزخان» بىلەن بىر كىشى دەپ قارايدۇ.

باتۇر تەڭرىقۇتتىن 600 يىل كېيىن، ياۋروپادا ئوتتۇرىغا چىققان ئاتتىلا ئۇلۇغ بوۋىسى باتۇرنىڭ روھى ۋە ئىش-ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. ئاتتىلا ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش جەھەتتىكى دانىشمەنلىكى، ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى يۈكسەك تالانتى ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ماھىرلىقى بىلەن ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسىنى ئەينى دەۋر ياۋروپا دۇنياسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندۇردى. ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسى ئاتتىلا دەۋرىدە مىسلىسىز دەرىجىدە قۇدرەت تېپىپ، ياۋروپا خرىستىئان دۇنياسىنى قاتتىق چۆچۈتكەن دەھشەتلىك بىر سىياسىي كۈچكە ئايلاندى. ھەتتا، نامى مەشھۇر رىم ئىمپېرىيىسىمۇ ھۇنلارغا داۋاملىق تۇردە باج تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئاران ساقلاپ قالغان. مانا مۇشۇنداق قۇدرەتلىك بىر سىياسىي كۈچنى بارلىققا كەلتۈرگەن كىشى ئاتتىلا بولغاچقا، تارىختا ياۋروپا ھۇنلىرى «ئاتتىلا ھۇنلىرى»، ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسى بولسا، «ئاتتىلا ئىمپېرىيىسى» دەپ ئاتالغان.

ئاتتىلا ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنى غەربتە ئاتلانتىك ئوكياندىن، شەرقتە ئىران، ھەتتا ئالتايغىچە، شىمالدا بالتىق دېڭىزىدىن جەنۇبتا دوناي دەرياسىغىچە سوزۇلغان. ئاتتىلانىڭ ياۋروپا خرىستىئان دۇنياسىدا پەيدا قىلغان كۈچلۈك تەسىرى تا بۈگۈنگە قەدەر ياۋروپا مىللەتلىرى تەرىپىدىن ياد ئېتىلىپ كەلمەكتە.

ئاتتىلا ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئىمپېراتور ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ھونلار ئاتتىلا دەۋرىدە ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىپ، دۇنيا تارىخىدا مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئىزلارنى قالدۇرغاندى.

«تەڭرى قامچىسى- ئاتتىلا» ناملىق كىتابتىن.

## بعض الكتب المشهورة فى الأدب الأويغورى فى القرن العشرين

| الرقم | اسم الكتاب | المؤلف |
|---|---|---|
| 1. | ئىز | ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر |
| 2. | ئويغانغان زېمىن | ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر |
| 3. | قۇم باسقان شەھەر | مەمتىمىن ھوشۇر |
| 4. | مەھمۇد كاشغەرى | پەرھات چىلان |
| 5. | ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە | خېۋىر تۆمۈر |
| 6. | ئىزدىنىش | زوردۇن سابىر |
| 7. | ئانا يۇرت | زوردۇن سابىر |
| 8. | لېيىغان بۇلاق | جالالىدىن بەھرام |
| 9. | ئۇنتۇلغان كىشىلەر | ئەخەت تۇردى |
| 10. | داغ | ئەبەيدۇللا ئىبراھىم |
| 11. | مەمتىلى ئەپەندى | يالقۇن روزى |
| 12. | پىلىسىراتتىن ئۆتكەنلەر | باتۇر روزى |
| 13. | ئۆزۈگۈم | مەمتىمىن ھوشۇر |
| 14. | كىرورەن گۈزىلى | د.ئەسئەت سۇلايمان |
| 15. | بۇرۇت ماجىراسى | مەمتىمىن ھوشۇر |
| 16. | مىڭنۇي ۋە پەرھاد ـ شىرىن | نىمشېھىت |
| 17. | رابىيە ـ سەئىدىن | ئەھمەد زىيائى |
| 18. | قەشقەردىكى يەر شارى | ئادىل تۇنىياز |
| 19. | ئويغۇرۇم | ئابدۇخالىق ئۇيغۇر |
| 20. | ئويغان | ئابدۇخالىق ئۇيغۇر |
| 21. | بىر قىلىچ بەرسە | قۇتلۇق ھاجى شەۋقى |
| 22. | يىللارغا جاۋاب | لۇتپۇللا مۇتەللىپ |

| | | |
|---|---|---|
| 23. | تۇگىمەس ناخشا | تېيىپجان ئېلىيوپ |
| 24. | بۇ دۇنيا | مۇھەممەتجان راشىدىن |
| 25. | دېھقان بولماق تەس | روزى سايىت |
| 26. | غۇنچەم | زۇنۇن قادىرى |
| 27. | خوتەندىن خەت | نۇرمۇھەممەت توختى |
| 28. | ئۇنتۇلغان كىشىلەر | ئەخەت تۇردى |
| 29. | مەختۇمسۇلا | خالىدە ئىسرائىل |
| 30. | كەلكۈن | مۇھەممەت باغراش |
| 31. | غۇنچەم | زۇنۇن قادىرى |
| 32. | بەش تال ئوق | تۇردى سامساق |
| 33. | بۇ دۇنيا | مۇھەممەتجان راشىدىن |
| 34. | ئىلى خەمىسى | مۇھەممەتجان سادىق |
| 35. | چالا تەگكەن ئوق | ئابدۇللا تالىپ |
| 36. | ئىلى دۇلقۇنلىرى | ئابدۇراخمان قاھار |
| 37. | ئۇرخۇن شەجەرىسى | پەرھات جىلان |
| 38. | بۆرە ئانا | توختى ئايۇپ |
| 39. | جاللات خېنىم | ياسىنجان سادىق |
| 40. | ئامەت ۋە ئاپەت | جالالىدىن بەھرام |
| 41. | يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام | ئەختەم ئۆمەر |
| 42. | تارىم قوۋۇقى چىكىلگەندە | ئەسەت سۇلايمان |

## المصادر والمراجع - پايدىلانغان مەنبەلەر

**<u>المصادر الأويغورية: ئۇيغۇرچە پايدىلانغان ماتېرىياللار:</u>**


1. خەممەت زاكىر «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2007- يىل نەشرى.

2. خالىق نىياز ۋە باشقىلار «ئۇيغۇر تىلىدىن ئاساس» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006- يىل نەشرى.

3. نەبىجان تۇرسۇن «ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى» ئامېرىكا دانۇۋدى نەشرىياتى 2007- يىل نەشرى

4. ستىۋېن مولىنسكى«ئىنگلىز تىلى يېڭى دەرسلىكى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006- يىل نەشرى.

5.ئابدۇكېرىم باقى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» قەشقەر پېداگوگىكا ئىنوستىتوتى1983 - يىل نەشرى

6. كۈرەش مەھمۇتجان ۋە باشقىلار «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003- يىل نەشرى.

7. مەمتىمىن سالى ۋە باشقىلار«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000- يىل نەشرى.

8. ياقۇپجان ۋە باشقىلار «ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2007 - يىل نەشرى.

9.ئارسلان ئابدۇللاھ ۋە باشقىلار«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2004 - يىل نەشرى

10.ھاكىمجان ۋە باشقىلار «ئۇيغۇر تىلى»- توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرسلىكى(6 قىسىم).شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2005 - يىل نەشرى.

11.رەھمەتجان، ئابدۇلېتىپ تاشپولات «ئۇيغۇر تىلى»- توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى(3 قىسىم).شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2001 - يىل نەشرى

12.پروفېسور سۇلايمان سەپەر «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭ خەلق

نەشرىياتى، 2002- يىل نەشرى.
13. د.ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانى«چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان» مىللەتلەر نەشرىياتى 2004- يىلى نەشرى.
14. د.ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانى«چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى» مىللەتلەر نەشرىياتى2007- يىلى نەشرى.
15.ئابلىمىز ياقۇپ ۋە باشقىلار «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999- يىلى نەشرى.
16.غەيرەتجان ئوسمان ۋە باشقىلار «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (ئىككى توم). شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002- يىلى نەشرى.
17. ھىمىت مەخسۇت ۋە غەيرەتجان ئوسمان«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» مائارىپ نەشرىياتى 1986- يىلى نەشرى.
18.ئازاد سۇلتان ۋە كېرىمجان «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000- يىل نەشرى.
19. غەيرەتجان ئوسمان «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى.
20. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998- يىلى نەشرى.
21. نۇرمۇھەممەت زامان «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى» خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل نەشرى.
22. ئۇيغۇرچە تورلۇك تور بىكەتلىرى

**المراجع العربية والتركية العثمانية:**

1. ملخص قواعد اللغة العربية - نعمت فؤاد. دار المعارف – القاهرة.
2. قواعد اللغة العثمانية - د.محمد حامد سالم، طبعة خاصة - القاهرة 2008م.
3. قواعد اللغة التركية - د.عبدالله مبشر الطرازى، طباعة جدة - 1985م.
4.غاية الآمانى فى تفصيل قواعد اللسان العثمانى -محمد كامل، دار السعادة 1314هـ.
5. قواعد اللغة العثمانية - د.الصفصافى أحمد، دار الآفاق العربية - القاهرة 2008

# الفهرست - مۇندەرجە


تقديم الدكتورة ماجدة مخلوف ........ 5
مقدمة حول اللغة الأويغورية وتاريخيتها ........ 7
أبجدية اللغة الأويغورية ........ 14
أشكال أبجدية اللغة الأويغورية ........ 16
تمارين على أبجدية اللغة الأويغورية ........ 18
مبادى فى علم الصوت وقاعدة التوافق الصوتى ........ 21
حالات الإسم فى الأويغورية ........ 27
**الدرس الأول** ........ 30
المحادثة ........ 30
حالة التجريد للإسم ........ 32
**الدرس الثانى** ........ 33
المحادثة ........ 33
قاعدة أداة الاستفهام «مۇ» ........ 35
أداة الاستفهام التأكيدية «چۇ» ........ 35
استعمال أداة النفى للاسم «ئەمەس» ........ 35
تمارين وواجبات ........ 36
**الدرس الثالث** ........ 37
المحادثة ........ 37
قاعدة جمع الإسم «لار، لەر» ........ 40
لاحقة «چى» للدلالة على الحرفة ........ 41
تمرينات وواجبات ........ 42
**الدرس الرابع** ........ 44
المحادثة فى الصورة العائلية ........ 44

قاعدة تقلب بعض الحروف المتحركة من «تا/ته إلى ئي/ ئى» ........................ 46
حالة الإضافة للاسم ........................ 47
الضمائر الشخصية ........................ 48
تمرينات ........................ 48
**الدرس الخامس** ........................ 49
المحادثة ........................ 49
الضمائر الملكية المتصلة للإسم ........................ 50
تمرينات وواجبات ........................ 54
**الدرس السادس** ........................ 56
توغقانلىرىم ........................ 56
المحادثة ........................ 56
المفعول فيه «دا، ده، تا، ته» ........................ 58
أسلوب استعمال «بار، يوق» ........................ 59
قاعدة لواحق النسبة والصفة: «لىك، لىق، لۇق، لۇك» ........................ 59
تمرينات وواجبات ........................ 60
**الدرس السابع** ........................ 61
شېرىن خىياللىرىم ........................ 61
قەشقەر تاماقخانىسىدا ........................ 62
الفعل المستقبل ........................ 64
نفى الفعل المستقبل ........................ 66
تمرينات وواجبات ........................ 67
**الدرس الثامن** ........................ 68
المحادثة ........................ 68
المفعول إليه «غا، قا، گە، كە، قە» ........................ 69
المفعول به «نى» ........................ 70
المفعول معه «بىلەن» ........................ 70
اللاحقة التى تصنع الفعل من الإسم «لا، لە» ........................ 71

تمرينات وواجبات ........................ 71
**الدرس التاسع** ........................ 72
يېڭى دەرس ........................ 72
الفعل الماضى الشهودى ........................ 73
نفى الماضى الشهودى ........................ 76
تمرينات وواجبات ........................ 77
**الدرس العاشر** ........................ 78
بىر ھەپتە ........................ 78
ۋاقت ........................ 78
سانلار ........................ 79
پەسىل ۋە ئايلارنىڭ ناملىرى ........................ 80
العدد الأصلى، الأصلى الترتيبى، العدد التجميعى،العدد التقريبى والعدد الكسرى ...... 80
التعبير عن الأيام والتاريخ والساعة ........................ 81
تمرينات وواجبات ........................ 82
**الدرس الحادى عشر** ........................ 84
دراسة موجزة فى أجزاء الجملة ........................ 84
**الدرس الثانى عشر** ........................ 91
بىر كۈنلۈك ئىشىم ........................ 91
المفعول منه «دىن، تىن» ........................ 92
اللاحقة التى تصنع اسم المكان «خانا» ........................ 93
أدوات الاستفهام ........................ 93
تمرينات وواجبات ........................ 94
**الدرس الثالث عشر** ........................ 95
ئۈچ ياتاقداش ........................ 95
استفهام الزمن الماضى ........................ 96
استفهام الزمن المستقبل ........................ 97
تمرينات وواجبات ........................ 98

**الدرس الرابع عشر** ........ 100
بىزنىڭ بىر كۈنىمىز ........ 100
ئائىلىمىزدە يەتتە جان بار ........ 100
المراجعات العامة على حالات الإسم ........ 101
أهم اللواحق التى تصنع الأسماء من الإسم فى الأويغورية ........ 103
تصريف الضمائر الشخصية المستقلة فى حالة الرفع والنصب والجر ........ 104
لاحقة المصدرية (م) التى تشتق الإسم من الفعل ........ 104
**الدرس الخامس عشر** ........ 105
شەنبە كۈنى ئەتىگەنلىك چايدا ........ 105
فعل الأمر ........ 106
صيغة نهى فعل الأمر ........ 109
استفهام صيغة الأمر ........ 110
استعمال فعل «دە» ........ 110
تمرينات وواجبات ........ 111
**الدرس السادس عشر** ........ 112
قۇتادغۇبىلىكنىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئۈزۈندە ........ 112
الفعل الشرطى «سا، سە» ........ 112
الفعل الشرطى فى حالة الاستفهام ........ 114
معانى فعل الشرطى ........ 115
تمرينات وواجبات ........ 115
**الدرس السابع عشر** ........ 117
ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ شادلىقى ........ 117
ئائىلىمىزدىكىلەر ........ 117
الصفة وأنواعها ........ 118
الإسم الموصول (الضمير الوصفى) «قى، كى» ........ 120
لاحقة التوكيد «دە» لتأكيد الجملة ........ 121
تمرينات وواجبات ........ 121

**الدرس الثامن عشر** ........................ 122
تۆلكىنىڭ تەقسىماتى ........................ 122
أداة التشبيه أو الإضافة التشبهية «دەك، تەك» ........................ 123
فعل الإعانة (الكينونة) «ئىدى، ئىكەن، ئىمىش» ........................ 124
اللاحقة التى تجعل الاسم فعلا: «لاش، لەش» ........................ 126
**الدرس التاسع عشر** ........................ 127
ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئىگىلەش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟ ........................ 127
المصدر فى الأويغورية ........................ 128
استعمال كلمة « لازىم، كېرەك» ........................ 131
«ئۈچۈن» من الكلمات المساعدة لآخر الكلمات ........................ 132
الأدوات التى تجعل الإسم صفة وتفيد النسبة «ۋى، ىي» ........................ 132
تمرينات وواجبات ........................ 132
**الدرس العشرون** ........................ 134
ئۆيگە قايتقاندا ........................ 134
صيغة الصلة والوصف للماضى(الاسم الفعلى) «غان، قان، گەن، كەن» ........................ 135
تمرينات وواجبات ........................ 137
**الدرس الواحد والعشرون** ........................ 138
ئورۇمچىدە ........................ 138
صيغة الصلة والوصف للمستقبل (الاسم الفعلى) «يدىغان، ىدىغان» ........................ 140
تمرينات وواجبات ........................ 141
**الدرس الثانى والعشرون** ........................ 142
يامغۇرلۇق كېچىدە ........................ 142
كىم نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ........................ 142
زمن الحال=المضارع المستمر ........................ 144
نفى الزمن الحالى ........................ 145
تمرينات وواجبات ........................ 147

**الدرس الثالث والعشرون** .......................... 148
المحادثة .......................... 148
استفهام الزمن الحالى .......................... 149
لاحقة صفة منفية «سىز» .......................... 150
أداة مساعدة لآخر الكلمات «دەپ» .......................... 150
تمرينات وواجبات .......................... 151
**الدرس الرابع والعشرون** .......................... 152
ساداقەت .......................... 152
حكاية الفعل الماضى المعتاد .......................... 153
حكاية الحال الماضى .......................... 154
استفهام الماضى المعتاد والحالى .......................... 156
تمرينات وواجبات .......................... 156
**الدرس الخامس والعشرون** .......................... 158
ئۇرۇمچىگە سەپەر .......................... 158
لاحقة (چە) ووظائفها .......................... 159
تمرينات وواجبات .......................... 160
**الدرس السادس والعشرون** .......................... 162
كىمنى سايلىماقچى؟ .......................... 162
الفعل الالتزامى «ماقچى، مەكچى» .......................... 163
نفى الفعل الالتزامى .......................... 163
تمرينات وواجبات .......................... 165
**الدرس السابع والعشرون** .......................... 166
كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس .......................... 166
المبنى للمعلوم .......................... 168
المبنى للمجهول .......................... 168
أفعال المطاوعة .......................... 169

أفعال مشاركة ........................ 170
تعدية الفعل ........................ 170
تمرينات وواجبات ........................ 173
**الدرس الثامن والعشرون** ........................ 174
مؤنەۆۆر كادر ۆە كاۆاپ ........................ 174
صيغ الربط ........................ 176
الصيغة العطفية ........................ 176
الصيغة الابتدائية ........................ 177
الصيغة الانتهائية ........................ 177
الصيغة التزامنية ........................ 178
الظرف السببي ........................ 178
الصيغة الاستمرارية ........................ 178
صيغة التعقيب وصيغة بمجرد أن ........................ 178
تمرينات وواجبات ........................ 180
**الدرس التاسع والعشرون** ........................ 181
صيغة الفعل الاقتدارى ........................ 181
صيغة الفعل الاقتدارى فى حالة المنفى ........................ 182
استفهام الفعل الاقتدارى ........................ 183
الماضى النقلى ........................ 183
تمرينات وواجبات ........................ 184
**الدرس الثلاثون** ........................ 185
يگمت تاللاش ........................ 185
أفعال الإعانة (الأفعال المركب) ........................ 187
تمرينات وواجبات ........................ 189
**الدرس الواحد والثلاثون** ........................ 190
الأدوات ........................ 190
1 -أدوات مساعدات لآخر الكلمات ........................ 190

2 - روابط أو حروف ........................ 191
أدوات العطف ........................ 191
أدوات تأكيدية ........................ 192
أدوات استدراك ........................ 192
أدوات تعليل ........................ 193
أدوات شرطية ........................ 194
أدوات اختيار ........................ 194
أدوات تفسيرية ........................ 194
تمرينات وواجبات ........................ 195
**الدرس الثانى والثلاثون** ........................ 196
ئۆگزمەدىن ئارتىلىدۇرۇپ ئەكتىمگلار ........................ 196
الفعل الاستمرارى ........................ 198
بعض الأفعال المركبة ........................ 200
تمرينات وواجبات ........................ 201
**الدرس الثالث والثلاثون** ........................ 202
الظروف ........................ 202
ظرف الزمان ........................ 202
ظرف المكان ........................ 203
ظرف الوصف والكيفية ........................ 204
ظرف الكمية ........................ 205
ظروف السببية والغرضية ........................ 205
**الدرس الرابع والثلاثون** ........................ 207
أجزاء الجملة ........................ 207
المبتدأ أو الفاعل ........................ 208
الخبر ........................ 209
**الدرس الخامس والثلاثون** ........................ 210
المفاعيل ........................ 210

النعت ........................................ 211
الحال والظرف وأنواعها ........................................ 213
**الدرس السادس والثلاثون** ........................................ 216
ترتيب أجزاء الجملة ........................................ 216
موقع المبتدأ أو الفاعل فى الجملة ........................................ 216
موقع الخبر فى الجملة ........................................ 217
موقع المفاعيل ........................................ 217
موقع النعت ........................................ 218
موقع الحال فى الجملة ........................................ 218
**الدرس السابع والثلاثون** ........................................ 219
نموذج الإعراب لأجزاء الجملة ........................................ 219
بعض مشتقات الأفعال مثل اسم الفاعل واسم المفعول واسم الآلة ........................................ 220

❖❖❖

## الجزء الثانى

نماذج نصوصية لبعض الأدباء الأويغور القدامى والمحدثين ........................................ 223
تاريخ الأدب الاسلامى عند الأويغور ........................................ 223
الأدب فى عهد الدولة القاراخانية ........................................ 224
العالم الأويغورى القارلوقى الفارابى ........................................ 227
العالم الأويغورى والأديب الكبير يوسف خاص حاجب ........................................ 228
العالم الأويغورى والأديب اللغوى محمود الكاشغرى ........................................ 231
الأديب الأويغورى الشهير أحمد يوكنه كى ........................................ 233
الأديب المتصوف أحمد يه سه وى ........................................ 236
العالم الأويغورى الكبير والأديب سراج الدين السكاكى ........................................ 238
الأديب الأويغورى ناصرالدين رابغوزى ........................................ 239
الشاعرالأويغورى النابغ عطائى ........................................ 240
الشاعر الأويغورى والأديب مولانا سكاكى ........................................ 241

الشاعر الأويغورى عبيد الله لطفى ........................ 242
الأديب الأويغورى العملاق على شر ناوائى ........................ 243
المؤرخ والأديب الأويغورى محمد مرزا حيدر ........................ 246
الشاعر محمد عبد الله خاراباتى ........................ 247
الشاعر محزون ........................ 248
الشاعر والأديب نوبتى ........................ 248
الأديب محمد صادق الكاشغرى ........................ 249
الشاعر عبدالرحيم النزارى ........................ 251
الشاعر موللا بلال ناظمى ........................ 252
الأديب موللا موسى سايرامى ........................ 253
الأديب والمصلح الكبير عبدالقادر داموللا ........................ 254
الشاعر العظيم تجلى مجلى ........................ 255
الشاعر الكبير عبدالخالق أويغورى ........................ 257
الشاعر والمؤرخ قوتلوق حاجى شوقى ........................ 259
الشاعر الوطنى عبدالعزيز مخدوم ........................ 261
الكاتب المسرحى والأديب زونون قادر ........................ 263
الشاعر الكبير والأديب الروائى عبدالرحيم أتكور ........................ 264
الشاعر والأديب الكبير زوردون صابر ........................ 266
المؤرخ الشهير والعالم والشاعر تورغون ألماس ........................ 268
إيضاح وجيز حول الأويغور ........................ 270
البطل آتيلا ........................ 272
بعض الكتب المشهورة فى الأدب الأويغورى فى القرن العشرين ........................ 273
المراجع ........................ 275
الفهرست ........................ 277

يعد الشعب الأويغوري التركي رائداً من رواد الحضارة في قلب آسيا (موطن الأتراك). وأنجب هذا الشعب العلماء والأدباء الذين أثروا الحضارة الإسلامية في شتى أنواع المعارف والعلوم.

لقد ساهم هذا الشعب في بناء صرح الحضارة الإنسانية منذ أقدم الفترات التاريخية. وينسب إليه الفضل في اختراع فن الطباعة وفن التصوير الملون، وصناعة الورق والحريرمنذ أقدم الفترات التاريخية قبل الغرب.

تشكل اللغة الأويغورية الأصل الذى تفرعت منه اللغة التركية الشرقية؛ وتطورت عبر الزمان مع الحفاظ على كيانها،حتى صارت لغة أدبية موحدة بين الشعوب التركية التي تعيش في منطقة وسط آسيا اعتباراً من القرن الرابع عشر حتى القرن العشرين.

استخدم شعب الأويغوري الخط العربي في مدوناتهم وتسجيل مكاتباتهم بعدما اعتنقوا الدين الإسلامي، ومن ثم نشأ فيها فلاسفة وأدباء وشعراء أدلوا بدلوهم في التعبير عن التراث الحضاري الإسلامي.

الأويغور من الشعوب العريقة المسلمة التي أدلت بدلوها في مجال الحضارة الإنسانية، كانت لغتهم لغة أدبية راجت بين الشعوب التركية في منطقة وسط آسيا، واشتهرت الأويغورية بالجغتائية إبان حكم جغتاي.

تعد اللغة الجغتائية في حقيقتها اللغة الأويغورية. سميت اللغة الأويغورية فترة من الزمان «لغة جغتائية» نسبة إلى الحاكم كما سميت «اللغة التركية» لغة عثمانية نسبة إلى الحاكم.

كتبت باللغة الأويغورية عبر الزمان آلاف المؤلفات من روائع الأدب الإسلامي بقلم الأدباء والشعراء الأويغور وغيرهم من الأتراك.

ولا يزال الشعب الأويغوري يدون مؤلفاته بالأبجدية العربية منذ ألف سنة حتى يومنا الحاضر.